

كۆكسۈڭنى خەزىنە قىلالىساڭ ئەگەر،
دانالار لېۋىدىن تۆكۈلەر گۆھەر.

— ئابدۇراخمان جامى

# دانالار خەزىنىسىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ
مۇھەررىرى: رەخىم قاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان بارات

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1986 - يىل. ئۈرۈمچى



بۇ كىتاب سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستانى غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1976 - يىلى نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据苏联乌孜别克共和国出版社一九七六年第一版第一次印刷本翻译出版。

دانالار خەزىنىسىدىن

•

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11·75
1986 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7-5371-0027-6/I-7
كىتاب نومۇرى: M10124·226
سانى: 1 — 30·150
باھاسى: 0·87 يۈەن

## مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| ئادەم | 1 |
| ئەقىل ۋە ئىدراك | 6 |
| ئاتا - ئانا، ئايال، پەرزەنت | 20 |
| ئەمگەك | 27 |
| ھۈنەر | 37 |
| ئىلىم | 42 |
| جاھالەت | 69 |
| ۋەتەن | 74 |
| خەلققە مېھرىبانلىق | 76 |
| مەردلىك | 81 |
| چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت | 90 |
| كوللېكتىپ | 96 |
| دوست - يار | 101 |
| تىنچلىق | 120 |
| ياخشىلىق | 126 |
| يامانلىق | 143 |
| ئادالەت | 155 |
| ئىشق ۋە مۇھەببەت | 162 |
| توغرىلىق ۋە راستچىللىق | 172 |
| يالغانچىلىق | 180 |

بەتنىيەتلىك ........ 184

ئەدەپ ........ 186

سۆز ........ 197

سۆزلەش قائىدىسى ........ 206

سىر ساقلاش ........ 220

نەسىھەتنىڭ پايدىسى ........ 225

ئويلاپ ئىش قىلىش ........ 230

يامان ئادەت، يامانلىق ........ 241

ساياھەتنىڭ پايدىسى ........ 256

مەنمەنلىك ........ 299

تاماق يېيىش قائىدىسى ........ 266

قانائەت ........ 272

سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ........ 286

دۈشمەنلىك ........ 301

مەستلىك ........ 309

دىن ۋە دىن ئەھلىلىرى ........ 315

ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ........ 328

پارس - تاجىك شېئىرىيىتى تالانتلىرى ........ 344

# ئادەم

زەنجىرنىڭ ئاخىرقى هالقىسى ئىنسان،
ئۇ — ئاچقۇچ، قۇلۇپنى ئاچىدۇ ئاسان.
سەرۋىدەك باشنى تىك كۆتۈرەر مەغرۇر،
بارلىقى — ياخشى سۆز، ئەقىل، تەپەككۇر.
ئەقىل بىلەن ئىدراك پەقەت ئاڭا يار،
پۈتۈن تىلسىز ئالەم پەرمانىغا زار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

دۇنيانىڭ تىلىكى، مېۋىسىمۇ بىز،
ئەقىل كۆز قارىچۇقى — جەۋهىرىمۇ بىز.
بۇ دۇگىلەك جاهاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى — گۆهىرىمۇ بىز.

— ئۆمەر هەييام

كىشى ئۆزلۈكىدىن ياخشى يە يامان،
قەدىرلىك، خارۇ زار، غەمكىن، شاد - خۇرام.

سەن ئادەم ئىكەنسەن، ئۆزگىمۇ ئادەم،
كەمچىلىكسىز ئادەم بولماس ھامانەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

بىشى كۆككە يەتكەن مەغرۇردۇر ئىنسان،
لېكىن ھەيران ئەقلى گۇم بولغان ھەرئان.
بىر خاسىيىتى بار سىغماس ئەقىلگە،
ئۆزى ياراتقانغا قۇل بولار ئاسان.

— ئابدۇقادىر بىدىل

تۆت دەھىر ئارا ئۆزۈڭ نۇر ئاپتاپ،
يەتتە بەھىر ئىچرە گۆھەرسەن شۇتاپ.
ھەر نەرسىگىمۇ يېتىپتۇ ئەقىل،
ئۇندىن ئەۋزەلسەن، بۇنى ياخشى بىل.

دۇنيا مېۋىسىنىڭ شىرىنكارى سەن،
ئەممىسىدىنىمۇ ھوسۇلدارى سەن.
قايسى تەرەپكە ئۇچتى خىيالىڭ،
سەن قىلساڭ پەرۋاز، يېتەر ماجالىڭ،
دىل ھىممىتىڭدىن ھايات گۈلىستان،
قول قۇدرىتىڭدىن ھەممە ياق بوستان.

— ئابدۇقادىر بىدىل

ئەقىل ئېيتار: بۇلارنى پەلەككە ئارتما،
پەلەك سەندىن ئاجىز، بىچارە ھامان.

— ئۆمەر ھەييام

ئاسمان ۋە زېمىندا بارلىق بارلىقى،
ئادەمنىڭ پىكرىدىن ئەمەس تاشقىرى.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئادىمىلىكتىن تاپار ئادەم شان،
ئادەم بولسىلا ھەممە بار ھامان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئادەم پەقەت ھۆسنى بىلەن گۈزەل ئەمەس،
ئادەملىك جەۋھىرى بىلەن گۈزەل بەس.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

جانى جاھانى ھەممە ئالەم ئۆزۈك،
ئالەمگە سىغمىغۇچى جان ھەم ئۆزۈك.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاچقۇچ بولۇپ كەلدىڭ، ئويۇنچۇق ئەمەس،
ھەممە خەزىنىنى ئاچالىساڭ بەس.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گاداي كىيىمدە كەلدىڭىز، ئەمما —
ئەسلى ماكانىڭىز يۈكسەك كۆك - ساما.
مېھرىبانلىق قىلىك بىر - بىرىڭىزگە،
ئاسمان ئۆيىڭىزغۇ، بولماڭ سىز پەگا.

— ئاپدۇقادىر بېدىل

ئىنسان جۇرئەت قىلىپ تىكسە گەر جاننى،
يەرگە ئېلىپ چۈشكەي ئېگىز ئاسماننى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئەتلەس ۋە يۇڭدىن لىباس ئەمەس ئادەمنىڭ شەۋكىتى،
بۇ ماتالار ئەكسىچە ئوت ۋە يالقۇنىنىڭ زىننىتى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

كىم ھوشيار بولسىلا ھەربىر قەدەمدە،
ئىبلىس شۇملۇقىنى سىزەر شۇ دەمدە.
كىم قىبلە قىلمىسا ھەزرەت ئىنسانىنى،
لەنەتكە ئۇچرايدۇ بولۇپ شەرمەندە.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئەي ئىنسان، قولۇڭدا ھەۋەس تولغان جام،
ۋەسۋەسىدىن تىنماس دىل بىسەرامجان.
سەن شۇ ئادەمغۇ، بۆشۈكۈڭدىمۇ
تەۋرىتىپ تۇرمىسا، تاپمايتتىڭ ئارام.

— ئابدۇقادىر بېدىل

پايانسىز بىلىمغۇ سەندە مۇجەسسەم،
ئەنقادىن بۆيۈكرەك ئاددىي پاشاڭ ھەم.
جاھاننىڭ تەركىبى بىرلىككە ئىگە،
بۇ بىرلىك شۈبھىسىز نەپەسىڭدە جەم.

— ئابدۇقادىر بېدىل

جەۋھىرى قۇدرەت بار تىل - زۇۋانىڭدا،
ھەقىقەت، ساداقەت ھەر بايانىڭدا.
مىڭ ئەپسۇس، خاتالار مەنبەسى بولساڭ،
جەبرائىل پەرۋازى ئاشيانىڭدا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

خۇدا ئىمەتلىرىنىڭ ئەلاسى ئىدراك،
ئەقىلنى مەدھىيىلەر كىمكى دىلى پاك.
ئەقىل يول كۆرسىتىپ دىلنى قىلار شاد،
ھەر ئىككى ئالەمدە ئەقىللىق ئاباد.
ئەقىل تىرىك جانكى، بىلمەيدۇ زاۋال،
ئەقىل تۇرمۇشقا ئاساس — بۇنى يادلاپ ئال،
ئەقىلدىن غەمكىنلىك، شادلىق، ئۆكتەملىك،
ئەقىلدىن بارلىق ۋە يوقلۇق ھەم كەملىك.
گەر كىشى ئىش قىلسا بى ئەقىل - ئىدراك،
قىلمىشىدىن بولىدۇ يۈرەك - باغرى چاك.

**— ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسى**

ئەقىلنىڭ يولىدىن ماڭسا ھەر كىشى،
ھېچقاچان يامانلىق بولمايدۇ ئىشى.

**— ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسى**

قاچانكى ئەقىلدىن كاللا خالىدۇر،
ياخشى بولماس تىلى ياغدۇرسىمۇ دۇر.

**— ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسى**

ئەقىل باشتا بولسا، ھەر ئىشچان كىشى،
ئالدىرىماي، ئويلىنىپ قىلىنار ئىشى.

**— ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسى**

## ئەقىل ۋە ئىدراك

ئەقىللىقلەر ئېيتار: ئەقىل — پادىشاھدۇر،
ئەقىل ھەممىگە بىر پەرمان راۋادۇر.
ئەقىل كىشىلەر تېنىنىڭ لەشكىرى،
پۈتۈن شەۋكەت - ئارزۇ ئۇنىڭ چاكىرى.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

ئەقىل پادىشاھدۇر بەكمۇ مېھرىبان،
قويلارنى بۆرىدىن قوغدىغان چوپان.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

ئوچۇق كۆزدىن زىرەك — ئەقىلدۇر، ئەقىل،
دانالاردىن يۈكسەك — ئەقىلدۇر، ئەقىل.
ئەقىل رەھنامە — يول بېشىڭ بولسۇن،
جاھاندا ئۇ ھەر ۋاقىت يولدىشىڭ بولسۇن.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

سلىملىك جىننى پەرۋىش قىلار، باق،
ئەقىل يول كۆرسىتەر كىم سالسا قۇلاق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەقىل پادىشاھدۇر، زوۋانىڭ — پالۋان،
خالىساڭ، قىينالماي قىلارسەن راۋان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىستىسەڭ ياخشىلىق، ئەقىل پاسىبان،
قارا بولۇتتىنمۇ چىقىسەن ئامان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەقىل سىزنىقىدىن چىقما ھىچقاچان،
كۆكۈلگە دەرد — ئازاب سالار پۇشايمان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئادەمنىڭ ئەقىللىق دىگەن ئېتى بار،
ئادەمنىڭ ئادەمگە ئەزىز زاتى بار.

— ئەلىسەدى تۇسى

ئەقىلسىز باش ــ جانسىز تەندۇر.

ــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ھەمىشە ئەقلىڭنى رەھنامە ئەتكىن،
نالايىق ئىشلاردىن يىراققا كەتكىن.

ــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ئەقىللىق بول، بولغىن بى زىيان،
ھەمىشە تىلىڭغا بولغىن پاسىبان.

ــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

تىلىڭنى سۆزلەشكە ساز، مۇھەييا① قىل،
تىلىڭنى ئوق قىل ۋە ئەقىلنى يا قىل.

ــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ئەقىلگە تايىنىپ ئىش قىلسا پەقەت،
تەقدىر يۈلتۈزىدىن نالىماس ئەبەد.

ــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

---

① تەييار

قېرى كىشى بولسا نادان ۋە جاھىل،
ئەقىللىق گۆدەكنى ئۇندىن ئەۋزەل بىل.

— نامىر خىسراۋ

ئەرزىيدۇ دانا سۆھبىتى جاھانغا،
يۈز نادان ئەرزىمەس بىر بۇردا نانغا.

— نامىر خىسراۋ

ئەقىل بىلەن قۇل بولار ئازاد.

— نامىر خىسراۋ

ئەقىلنىڭ ئالتۇندىن ئارتۇقلۇقى بار،
ئالتۇن بىلەن ئادەم بولالماس ھوشيار.

— نامىر خىسراۋ

ئەقىلنىڭ دەرىخى — قېرىلىق، ھەر ئان —
دەرىخى ئاياندۇر، مېۋىسى پىنھان.

— نامىر خىسراۋ

بولمىسا قىرىقتا ئەقىل ۋە ئەدەب،
بولمايدۇ ئاتاشقا ئۇنى ئادەم دەپ،

— نامىر خىسراۋ

ئىدراكقا تولسا گەر ياشنىڭ پاك قەلبى،
ھەتتا قېرىلاردىن ئۆتىدۇ ئەقلى.

— ئەمەدىي تۇسى

قۇياشلىق ئۇپۇقتا زىبا بولار، بىل،
كىشى دانا بولسا دەريا بولار، بىل.

— ناسىر خىسراۋ

ئەقىلگە بىلىم بىلەن بەرگىن ياردەم،
ئەقىل — بۇ ئىلىمگە خېرىدار ھەردەم.

— ناسىر خىسراۋ

دانا سۆھبىتىدىن قاچمىغىن ئەسلا،
ئۆتكۈزەر، تىلىمۇ تەسىرنى ساغا.

— ناسىر خىسراۋ

ئادەمدە تەۋەززۇ ئەقىلدىن دېرەك،
ئۇلۇغلۇق ھىممەتتىن تاپىدۇ بېزەك.

— ناسىر خىسراۋ

نادان بولغىنىدىن ساڭا دوست - ئورتاق،
دانادىن دۈشمىنىڭ بولغان ياخشىراق.

— ناسىر خىسراۋ

ئىككى كىشى ئارىسىغا ئوت ياقسا كىمكى،
ئوتتۇرىدا شۇ نادانىڭ كۆيىدۇ ئۆزى.

— سەئىدى شىرازى

كىمدە يوقكەن ئەقىل ھىممەت، تەدبىر، پەم،
دېمەك بۇ سارايغا چۈشمەس ھېچ ئادەم.

— سەئىدى شىرازى

ھەر كىشىدە بولسا ئەقىل ھەم ھۈنەر،
دۇنيادا ئىككى ئۆمۈر لازىم بولار.
دەسلەپىدە يىغسا بىلىم، تەجرىبە،
كەينىدىن ھەممەسىنى ئىشقا سالار.

— سەئىدى شىرازى

بولسا گەر ئالتۇندەك دانا ۋۇجۇدى،
تاپىدۇ ھەر يەردە ھۆرمەت ۋە ئىززەت.
قەغەز پۇلغا ئوخشار بايۋەچچە نادان،
تاپالماس يات يۇرتتا قەدرۇ قىممەت.

— سەئىدى شىرازى

گاھىدا روشەن پىكىرلىك دانالاردىنمۇ،
چىقماسلىقى مۇمكىن دۇرۇستراق تەدبىر.

سۆزلىمە قىلماستىن ئەقلىڭ ئىشتىراك،
ئۇنى تەڭ قىلمايدۇ ئارپىغا ئىدراك.

— بەخرىددىن گۆرگانىي

گەر كىمدە ئەقىلدىن ئازدۇر - كۆپتۇر بار،
ئۆمۈردىن بىر دەمنى ئۆتكۈزمەس بىكار.

— ئۆمەر ھەييام

كىمنىڭ ئەقىل پەمى بولسا خوپ بەلەنـد،
پايدىسىز سۆزگە ئۇ قىلماس تىلنى بەنـد.

— نىزامىي گەنجەۋىي

شۇنداق ئىشنى قىل، كۆتۈرسۇن ھالەت،
كەلتۈرمىسۇن ساڭا خىجالەت.

— نىزامىي گەنجەۋىي

كىمدە بولسا ئەقىل ۋە دانىشـدىن چىراغ،
بولىدۇ تۆت نەرسىدىن ئۇ دائىم يىراق:
نالايىق ئىشلارغا يول قويمايدۇ ئۇ،
كىشلەرنى نائۈمىد قالدۇرمايدۇ ئۇ،
ھوشيار بول، قىلما يامانلىق مەيلىنى،
بولما يېنىك، قىل ئامانلىق مەيلىنى.

— پەرىددىن ئەتتار

باغلىنىدۇ ئىككى قول - ئىككى ئاياغ.
ئاخىر چاۋاك چېلىپ ئۇ، ئېيتار مۇنداق:
«دانالارنى تىڭشىماي ھالىم چاتاق!»

— سەئدىي شىرازىي

بۇيرۇماس ئەقىللىق كىشى ھېچقاچان،
دىتى يوق كىشىگە مۇھىمراق بىر ئىش.
بورا توقۇغانمۇ توقۇغۇچى، لېكىن،
قولىدىن كېلەرمۇ يىپەك ئىش توقۇش؟

— سەئدىي شىرازىي

ئاقىلغا پەس ئادەم كۆرسەتسە جاپا،
كۆپ ئەلەم چەكمىسۇن، بولمىسۇن خاپا.
ئاددىي تاش سۇندۇرسا زەر قاچىنى گەر،
تاش داڭقى ئۆسمەيدۇ، كەمسىتىلمەس زەر.

— سەئدىي شىرازىي

دانانى شەرمەندە قىلدىمغۇ، دەيدۇ،
غۇرۇرى ئۆرلىگەن ماختانچاق نادان،
بىلمەس ئۇ، ناغرىنىڭ ئاۋازى دائىم
«ئەجەم» كۈيىنىمۇ باسىدۇ ئاسان.

— سەئدىي شىرازىي

گاھىدا ئەقىلسىز گۆدەك بىر بالا،
ئادىشىپ، نىشانغا ئوق ئاتار ماھىر.

— سەئىدىي شىرازىي

قىلىشمايدۇ ئىككى ئاقىل جېدەل ئەسلا،
پوچەك باشتا ئەقىل دائىم ئورۇن ئالسا.
جاھالەتتە نادان سۆزى بى مەنادۇر،
ئەقىللىقنىڭ لۇتپىغا دىل مەھلىيادۇر.
ئۆزۈشمەيدۇ ئىككى ئاقىل قىلنى ھەتتا،
بىرى تەمكىن، بىرى سۇلھ ئىزلىسىلا.
قىلىسا ئەگەر ئىككى جاھىل جېدەل - ماجىرا،
ئۆزۈلمىدۇ بولسا زەنجىر بۇ ئارىدا.

— سەئىدىي شىرازىي

بىر ئاقىلنى بىر ئەخمەق سۆكتى، ئۇ دەم،
دېدى ئاقىل ئاڭا: «ئەي ياخشى ئادەم،
سەن ئېيتقاندىن بەتتەرراقمەن، بىلىمەن،
ئۆز ئەيىبىمنى ئۆزۈم ئوخشاش بىلمەيسەن.»

— سەئىدىي شىرازىي

ياخشى كىشىلەر سۆزىنى سۆزلىگىن،
گەرچە ساڭا سالمىسىمۇ ئۇ قۇلاق.
تىڭلىغۇچى قانچە تەرسا بولسىمۇ،

پەلەك ئاۋۋال كور قىلار ئەقىل كۆزىنى،
كېيىن جايلار ئاقىللارنىڭ ئۆزىنى.
بىرەر مەقسەتتە ئۆيگە كىرسە ئوغرى،
چىراغنى پۈۋلىگەي ئۇ تــوپمۇ تــوغرى.

— خوسراۋ دېھلەۋي

ئەگەر پىنھان خەزىنە ئاقىل،
ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئېغىزدىكى تىل.

— خوسراۋ دېھلەۋي

تەنە قىلما خۇنۇك يۈزۈمگە قاراپ،
ئەي ئەقىل ۋە ئىنساپتىن بىخەۋەر كىشى.
تەن غىلاپ بولسا، ئەقىلدۇر قىلىچ،
غىلاپنى كۆرمەسەن، كۆر قىلىچ ئىشى.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەقىلسىز كىشىنىڭ ئىشىنى ئەقىل
باشقىغا بەند ئېتەر، بۇنى ياخشى بىل.

— ئابدۇراخمان جامىي

زېرەك ۋە دانادۇر پەقەت شۇ ئادەم،
سەۋر ـ تاقەت قىلسا ئېغىر دەردتە ھەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەگەر كىشى بولسا كارامەت دانا،
تەمەننا قويمايدۇ دانالىقىغا.
نېمىشقا ئالتۇن تاج تاقىغان تاۋۇس
مىڭ ئەيىنەك بار، باقماس زىبالىقىغا؟

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىشى پاراسەتتە كەم بولسا قانچە،
ئەيىبىنى ئاقلاشقا ماھىردۇر شۇنچە.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۇغداي دانىسىگە چۈشسە قۇرت گەر،
ئۇنىڭغا شۇ بۇغداي ھەم ئاسمان، ھەم يەر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بولمىسا قۇلاق ۋە كۆڭۈلدە دىت - پەم،
بار ئۇلار ئېشەكتە، خېچىردىمۇ ھەم.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمكى بولسا ئەقىلگە يولداش،
يىقىلغانغا بولىدۇ قولداش.

— خوسراۋ دېھلەۋى

جاڭجال قوزغىتىدۇ ئۈچ ۋە ئاداۋەت،
ئاقىللاردىن چىقسا بەتتەر قاباھەت.
ئەڭ روشەن چىراغنى كۆتۈرۈلگەن ئىس،
باشقا ھەممە ئىستىن قارىدۇر ئەلۋەت.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دانالىقتىن لاپ ئۇرغان ئەي شەھۋەتكە بىرىلگەن،
بۇزۇق خوتۇن، چاچ ئۆرۈمى، ساراڭلىقنىڭ زەنجىرى.
تىز چۈكۈپ ئالدىدا قىلساڭ بەتقىلىقلىق ئاشكارا،
ئەقىلدىن يوقتۇر ئەسەر، بۇ — ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرى.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەقىللىق دەپ بىلگەن ھەر بىر كىشىدە،
دىۋانىلىقتىنمۇ يەنە ئەسەر بار.
دۇنيا تەشۋىشىدىن شۇ دىۋانىلىق —
سايىسىدە پەقەت ئامانلىق تاپار.

— ئابدۇراخمان جامىي

بوش كاللا ئۆزىگە ياسايدۇ بىنا،
يۈز خىل خام خىياللار بار ئاندا راسا.
دەردسىز دىل ھەۋەستىن تاپالماس چارە،
شىشە بوشاپ قالسا، شارابى — ھاۋا.

— ئابدۇقادىر بىدىل

قايسى باشتا بايلىق غۇرۇرى ئايان،
فازىلۇ كامال زوقى كەمدۇر بى گۇمان.
بۇنداق ئەقىلسىزلەر مەنە ئاڭلالماس،
زەر سىزىقنى كۆرەر ۋاراقلاپ قۇرئان.

— ئابدۇقادىر بىدىل

بۇلۇت يىغلىمىسا چىمەن كۈلمەيدۇ،
بالا يىغلىمىسا ئانا بىلمەيدۇ.

— جالالىدىن رومىي

قاچان ئاتام ئۆمرى ئاخىرغا يەتتى،
نەسىھەت سۆزىنى ماڭا دەپ كەتتى:
شەھۋەت — ئوت، بۇ ئوتتىن قىلغىن سەن پەرھىز،
بۇ دوزاخ ئوتىغا چۈشۈپ كەتمە تېز.
بۇ ئوت كۆيدۈرسە بولغاي تاقىتىڭ تاق،
سەۋردىن سۇ چېچىپ ئۆچۈرگىن ياش چاغ.

— سەئدىي شېرازىي

چۈشەندىم ئاتاڭ ئىكەن كۆپ پازىل①،
ئاتاڭنىڭ كامالىدىن ساڭا نېمە ھاسىل؟

— سەئدىي شېرازىي

دىل ئارامى ياخشى بولسا گەر خوتۇن،
يامان بولسا ئۇندىن خۇدا ساقلىسۇن.

— سەئدىي شېرازىي

يىللار ئۆتۈپ كەتتى ئۈستۈڭدىن غىر - غىر،
ئاتاڭ مازارىغا باردىڭمۇ بىر دەم؟

---

① ئالىم، بىلىمدان.

## ئاتا - ئانا، ئايال، پەرزەنت

ئوغۇلنى ئاتىغا ئوخشىتار جاھان،
بۇ ئىش ئاشكارا ۋە ياكى پىنھان.
ئەگەر يەرگە ئۇرسا ئاتا كامىنى،
كەچ ئۇنداق ئوغۇلدىن، ئېيتما نامىنى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ئانا نەسىھىتىنى ئەستە چىڭ ساقلا،
دۇنيادا يامانلىق ئىزدىمە ئەسلا.
سەن بولدۇڭ باغرىدا جاندىن ئەزىزى،
جېنىڭدەك ئەزىزلە كېچە - كۈندۈزى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ياشلىق، تەلۋىلىكنى تاشلا بېشىڭدىن،
ئانا خىزمىتىدە بولغىن يېشىڭدىن.

— ناسىر خىسراۋ

ئەگەردە مۇئەللىم بولسا بىنازار،
دەرسخانىنى قىلغاي باللار بازار.

— سەئدىي شىرازىي

ئاقىلە، تەدبىرلىك بولسا گەر ئايال،
قولىدىكى يىڭنىسى يا ئوقى مىسال.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

خەزىنە ئېچكەلگەن كېلىندىن، ئەسلى —
توغرى، راستچىل كېلىن مىڭ ھەسسە ياخشى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مۇبادا تىرناقچە ئىش قىلسا شۇ ئەر،
ياخشى ئايال ئۇنى تاغدەك كۆپتۈرەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئايالى ئەقىللىق، ئېرى ئىش بىلەر،
دېمەك بۇ ئائىلە كۈندىن - كۈن گۈللەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گۈل بەرگىدە ئۈسسە نازىنىن ئاياغ،
ئەھۋالى نېم بولار تىكەن باسقان چاغ؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاتاڭ خاتىرىگە نىمە ياخشىلىق —
قىلدىڭكى، ئوغلۇڭدىن كۆرسەن سەن ھەم.

— سەئدى شىرازى

ئۆزى بۇيرۇق قىلىپ ئۆگەنگەن كىشى،
قىيىن باشقىلارغا قۇلاق سېلىشى.
كىم ئەگەر ئۆسكەنكەن نازۇنىمەتتە،
ھالى ئېغىر بولار قالسا كۆلپەتتە.

— سەئدى شىرازى

ئەگەر سەن ئىزدىسەڭ ئاتاڭدىن مىراس،
باغلىغىن ئاتاڭنىڭ ئىلمىگە ئىخلاس.
نەپ يوق، كۆزلىمە ئاتاڭ بايلىقىنى،
بىر كۈن تۈگىتىسەن تېجەپ تاپقىنىنى.

— سەئدى شىرازى

كىمگە ياشلىقىدا بەرمىسە تەلىم،
چوڭا يغاچ، بولىدۇ بەختسىز، دىلى غەش.
ھۆل نوتا ئېگىلەر قاياققا ئەگسەڭ،
قۇرۇقنى توغرىلار پەقەت ئوت - ئاتەش.

— سەئدى شىرازى

مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسىز شېخى
ئوتتۇندىن باشقىغا يارىماس ھېچ ۋاق.

— ئابدۇراخمان جامي

ئاقمايدۇ بالا ئالدىدا ئاتا سۆزى،
«ھالۋا يېمە» دېسە يەپ تۇرۇپ ئۆزى.

— ئابدۇراخمان جامي

بىر قول ئىككى ئىشنى قىلالماس زىنھار،
بىر دىلغا سىغمايدۇ ھەرگىز ئىككى يار.

— ئابدۇراخمان جامي

ئاندىلا ئەمەس ئۇ قىممەت زات، ئۇلۇغ،
ئۇنىڭ مەرتىۋىسى بوندىنمۇ ئارتۇق.
ئىشىم راۋاجىنى شۇنىڭدىن كۆردۈم،
بۇ بەختىم تاجىنى شۇنىڭدىن كۆردۈم.

— ئابدۇراخمان جامي

جاھاندا ئەڭ ئالىي نېمەتتۇر پەرزەنت،
پەرزەنت بولار يالغۇز جېنىڭغا پەيۋەند.
پەرزەنت بىلەن تولار مەقسىتىڭ جامى،
پەرزەنت بىلەن قالار ھەركىمنىڭ نامى.

ئاق سۈت بىلەن جانغا كىرگەن مۇھەببەت،
تا ئۆلۈم يەتكۈنچە ياشايدۇ ئەبەد.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئىنىسىغا دېدى بىر سۆزكى گۆھەر:
«ئاناڭ خىزمىتىدە بول، ئەي بۇرادەر.»

— خوسراۋ دېھلەۋىي

نېمىشقا ئۆزگىگە لازىم تايانماق؟
ئۆزگىگە تايىنىپ قىيىن جان باقماق.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاتاڭ باغرىدا سەن دەرمانسىز نوقۇل،
ئۆز قانىتىڭ بولمىسا ئۇچمىقىڭ مۇشكۇل.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاناڭدىن باش تارتما، ئاشمىسۇن مۇڭى،
شەرەپىڭ تاجىدۇر پۇتىنكى چېڭى.

— ئابدۇراخمان جامىي

قايسى پەرزەنت بىلىمسىز، ھۈنەرسىز بولۇپ،
ئاتىدىن لاپ ئۇرسا — ئادەمدىن يىراق.

## ئەمگەك

ئارزۇ، تىلەك يولى ئەمگەك تەكتىدە،
خەزىنىنىڭ مولى ئەمگەك تەكتىدە.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخىي

ئۇلۇغلۇق گەپتە ئەمەس باشتىن - ئاياغ،
يېردىم ئىشمۇ يۈزچە گەپتىن ياخشىراق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ئەمگەك تەكتىدىدۇر، ئەي ئاقىل، ھەر خەزىنە:
تاپالماس خەزىنىنى كىم جاپا چەكمىسە.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ھاياتتا تاسقىلىپ ئېزىلگەن كىشى،
ئۇستازلىققا لايىق: بىلىم ھەر ئىشى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

تىرىكلىكتە ئۇندىن كۆزلىرىڭ روشەن،
ئۆلسەڭ، گۆرستانىڭ ئەيلىگەي گۈلشەن،
يىقىلساڭ قولۇڭنى تۇتقۇچى نارىڭ،
ئايىغىڭ تايانچى كەتسە مادارىڭ،
بىلىڭ قۇۋۋىتى ئۇ، يۆلەنگەن تېغىڭ،
ياشلىقىڭ، كۆز نۇرۇڭ، روشەن چىرىغىڭ،
دوستلار ياردىمىدە ياۋ بولسا گۇمران،
پەرزەنتىڭ ھەممىدىن ئاۋال تىكەر جان.

— ئابدۇراخمان جامي

بىلىگدە قۇۋۋىتىڭ، يار قىلغىن غەيرەت،
مۇشۇ ياشلىق زامانىڭ كاتتا بىر دۆلەت.

— ئابدۇراخمان جامي

گەر كەلتۈرەر بولسا ساڭا خىجالەت،
ھېچ نەرسە قالدۇرما، ئۆلۈم بىر قىسمەت.
ئەگەر پاك، مەرد بولساڭ بالا - چاقاڭغا،
مال - دۇنيا قالدۇرما، قالدۇرغىن ئىسمەت①.

— ئابدۇقادىر بېدىل

① نومۇس، ئىپپەت، پاكلىق.

كىم مۇشەققەت چەكتى ـــ خەزىنىنىمۇ تاپتى،
كىم تىرىشچان بولدى ـــ كۆپ پايدا ئالدى.

ـــ جالالىددىن رومىي

چۈمۈلە ياز بويى يىغار يېمەك ـ دان،
شۇڭا، قىشتا ئۆيى بولار پاراۋان.

ـــ سەئدىي شىرازىي

ھەرىكەت بولمىسا بوشاپ كىشەنى،
ئارزۇغا يېتەلمەس پالۋانلار تېنى.

ـــ سەئدىي شىرازىي

ھەركىمنىڭ كېلىدۇ رىزقى بىگۇمان،
ئەقىل دەر: «ئۇنى سەن ئۆزۈڭ ئىزدىگىن!»
ھېچ كىشى ئەجەلسىز ئۆلمەيدۇ، ئەمما ـــ
ئەجدىھا ئاغىزىغا كىرەمدۇ بىر كىم؟

ـــ سەئدىي شىرازىي

رىزقىڭدىن ئۇشۇقنى يېيەلمەسەڭ ھەم،
تەلەپتە بولمىغىن ئەي ھۇرۇن ئىمغەم.
لەھەڭ ئاغزىدىن قورقسا غەۋۋاس گەر،
قولىغا كىرمەيتتى دۇر بىلەن گۆھەر.

ـــ سەئدىي شىرازىي

كاسىپتىن شاد ـ خۇرام ـ ھۆر يوق جاھاندا،
ھۈنەردىن ياخشىراق دۇر يوق جاھاندا.

— ناسىر خىسراۋ

جاھان شادلىقىنىڭ ئاساسى دېھقان،
ئۇنىڭ بىلەن ئېتىزلار باغۇ بوستان.
بۇ ئىشتىن ياخشى ئالەمدە نېمە بار،
ئادەم نەسلىگە بۇ ئىش يادىكار.

— ناسىر خىسراۋ

ئاسانلىقچە كەلمەس شادلىق، پاراغەت،
ئەمگەكسىز قازانماس ھېچ كىشى شۆھرەت.

— پەخرىددىن گۇرگانى

ياۋ رۇستەم بولسىمۇ بوينۇڭنى ئەگمە،
دوستۇڭ بولسا ھاتەم گىدىيىپ كەتمە.

— ئۆمەر ھەييام

جاپا ـ ئازاب چېكىپ ئادەم ھۆر بولار،
سەدەپتە قامىلىپ قەترە دۇر بولار.

— ئۆمەر ھەييام

مۇشەققەت چەكمىگەن تاپماس خەزىنە،
تۆن كەيىندىن كېلەر كۈندۈز ھەمىشە.

— سەئدىي شىرازىي

ھالال ئىشلە، مەردلەرچە سۈر پاراغەت،
ئىشلىمەي يېگەن، بىل، بولۇر نامەرد.

— سەئدىي شىرازىي

ئەمىر خىزمىتىدە تۇرىسەن مىسكىن،
قولنىڭ كۆكسۈڭگە قويۇپ ھەر مەھەل.
كۆيسىمۇ قوللىرىڭ مەيلى بۇرادەر،
ھاك تاش كۆيدۈرگىنىڭ بۇنىڭدىن ئەۋزەل.

— سەئدىي شىرازىي

ھالال ئىشلەپ تاپساڭ ئەگەر ئارپا نان —
خەقنىڭ ئاق نېنىنى يېگەندىن ئوبدان.

— خوسراۋ دېھلىۋىي

ئىشنى كۆرۈپ قانچىلار شىمايلايدۇ يەڭ،
كۆپرەك ئىشلىگەننى ئەڭ ئەپچىلى دەڭ.

— خوسراۋ دېھلىۋىي

شىر نېمە ئۇۋۇلايدۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىن ھېچ چىقمىسا،
چاڭگىلىغا نېمە چۈشكەي يەردە ياتسا قارچىغا؟
ئۇۋۇ قىلماق بولساڭ ئۆيۈڭدىن تېخى سەن چىقماي تۇرۇپ،
ئۆمۈچۈكتەك قول ـ ئايىغىڭ قالىدۇ نازۇك بولۇپ.

— سەئدىي شېرازىي

ھەر ئىشتا گەر ئىنسان كۆرسەتسە ھىممەت،
تىكەنمۇ گـۈل دەستە بولار ئاقىۋەت.

— سەئدىي شېرازىي

قىلمىسا داۋاملىق ھەقىقىي ھەرىكەت،
ئاشمايدۇ ئەمەلگە ھېچ مۇراد ـ مەقسەت.

— سەئدىي شېرازىي

ئۆز ماڭلاي تەرىدىن نان يېگەن كىشى،
ھاتەم مىننىتىدىن ئازاد ياز ـ قىشى.

— سەئدىي شېرازىي

ئەتە سەن ئارپىغا زار بولماي دېسەڭ،
بۈگۈن تـەر ئىھتىمال بۇغداي نان يېسەڭ.

— سەئدىي شېرازىي

قوش توخومنى باغرىغا باسقان زامان،
ھەممەتتە ئۆلۈككە ئاتا قىلار جان

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئەتىگە قالمىسا بۈگۈنكى ئىشى،
بۇ دۇنيادا غالىب ياشار شۇ كىشى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

باغۋەن ئىش پەيىدا بولمىسا بەزەن،
باسىدۇ شۇ ھامان ئەتراپىنى تىكەن.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمنىڭ ئەگەر بەلەند بولسا ھىممىتى،
كونا كىيىمدىمۇ چوڭدۇر ئىززىتى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئادەم چېنىقمايدۇ قىلمىسا سەپەر،
تىرىشمىغان كىشى تاپمايدۇ زەپەر.

— رۇكنىددىن ئەۋھادى

كىمكى جاپا چەكمىدى،
راھەتكىمۇ يەتمىدى.

— ھاپىز شىرازى

مەقسەتكە يېتىشكە جان پىدا قىلغىن،
تاشنى گۆھەر قىلغان ئىشنى ئىش دېگىن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

قانچە كۆپ قايىنسا قىيام - قەنت سۈيى،
ناۋىتى شۇنچىلىك سۈزۈك بولغۇسى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىم ئەمگەكتە قەدەم قويىدى چۆل - تاغقا،
خەزىنە ئاچقۇچىنى كىرگۈزەر قولغا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بېشىنى كۆتەرمىسە ئۇيقۇدىن دېھقان،
قۇچقاچ ئىختىيارىغا قالىدۇ خامان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تامادىن ھەمىشە يۈزۈڭ بولغاي زەرد①،
پەقەت پېشانە تەرىڭ قىلماي سېنى مەرد.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

① ئوت

تاسادىكە ھەم ئىشەن، ئۆز ھەرىكىتىڭگە ھەم،
لېكىن بەرىسى ئالغىن ھەرىكەت ئالەممدىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

تەۋەككۇل قىلىپ چاپقىن ئۇچقۇر ئېتىڭنى
ۋەلىنىئمىتىڭ قىلغىن ئۆز مېھنىتىڭنى.

— سائىب تەبرىزىي

ئامان بول، زەپەر قىل، ئەي مېھنەت ئەھلى،
سەندىن پەخىرلەنسە ھەقلىق ئادەمزات.
سەندىندۇر ئىنسانىنىڭ پاراۋانلىقى،
سەن بىلەن بولىدۇ بۇ جاھان ئاۋات.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتىي

ئادەم سۆزىنىڭ چىن مەناسى ئىشچى،
دۇنيادا ئادەمنىڭ ئەلاسى ئىشچى.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتىي

قۇرۇقلۇق ۋە سۇدا — پۈتۈن جاھاندا،
نېمە نەرسە بولسا يەر ۋە ئاسماندا،

غەيرەت بىلەن بولسا مەرد،
غەيرەتسىز بولار نامەرد.

— ئۇبەيد زاكانى

ئۆز ئەمگىكىڭ بولسۇن دائىم يوادىشىڭ،
ئۆزگە مىستىدىن ئاغرىتما بېشىڭ.
كۈنلىرىڭ ئۆتسىمۇ تېرىپ دۇر ـ ھېكمەت،
كۈنلىرىڭ پۈتۈندۇر بولسا ھۆر مېھنەت.

— ئابدۇراخمان جامى

يەر ـ ئاسمان كۆتۈرەلمەس ئېغىر بىر يۈكنى،
كۆتۈرەلەمدۇ بۇ نازۇك جىسمىنى جان!
ھىممەتكە بەل باغلا، ئىشق ئەھلى بىلەن
ھىممەت قۇدرىتىدە مۈشكۈللەر ئاسان.

— ئابدۇراخمان جامى

ھەر تىرىك جان قىلسا ھەرىكەت،
ھەرىكەتكە قاراپ تاپار بەرىكەت.

— كامالىددىن بىنايى

نېسىۋەڭ تاپالمايسەن ئولتۇرساڭ قىلىپ ھايال،
سۇ ھەم دان كەينىدىن ماڭ تۆگمەن تېشى مىسال.

— سەيدا نەسەپى

## ھۆنەر

گۆھەرنى ھۆنەرسىز دېمە ھېچ گۆھەر،
گۆھەر نەرقىنى ئاشۇرغان ئەسلى ھۆنەر.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخىي

قىممەتلىك گۆھەردىن قىممەترەك ھۆنەر،
ھۆنەر بولسا ئىشقا يارايدۇ گۆھەر.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخىي

ھۆنەر بىلەن ئەقلىڭ بىرلەشكەن ھامان،
ھەر ئىش بۇ جاھاندا يورۇشەر راۋان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

غەنىمدىن ① تەپ تارتماس ھۆنەر ئىزدىگەن،

① دۈشمەن، ياۋ.

ئۇلار يارالغاندا مەنمۇ شېرىكمەن،
ئىجادتۇر شۇئارىم تاكى تىرىكمەن.
گۆھەردىنمۇ ئېسىل بىر جاۋاھىرمەن،
ئىشچى ماگلىيىدا پېشانە تەرمەن.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتى

ئۆمۈرنى پايدىسىز ئۆتكۈزۈش، دېمەك،
ئالمىغان نەرسىگە ئالتۇن تۆلىمەك.

— سەئدىي شېرازىي

بىر ھۈنەر ئىگىسى بولسا ئادەم گەر،
ئۇ ئەمەس، كۆرسىتەر ئۇنى شۇ ھۈنەر.

— سەئدىي شېرازىي

شۇنچە ھۈنەرمەندىن ھېچكىم ئالماي نەپ،
گۆرگە ئېلىپ كەتسەم دەيمەن، خەپ، مىڭ خەپ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

قولۇڭدا خاراب بولمىسا ياۋ ئەگەر
ئۇنى سۇغا چۆكۈرسۇن ئىلمۇ ھۈنەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھۈنەرسىزلەردىن يىراق - يىراق كەت،
مەردلەر ئوخشاش سەن ھۈنەر تەلەپ ئەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دەريادىن قورقمايدۇ گۆھەر ئىزدىگەن.

— پەخرىددىن گۇرگانى

ھۈنەر ئۆگەن، چۈنكى ھۈنەردە كۆپ سىر،
يېپىق ئىشىكلەرنى ئاچار بىرمۇ بىر.

— نىزامىي گەنجەۋىي

بولسا بىر ھۈنىرىڭ ئەگەر يۈز ئەيىبىڭ،
دوست نەزەرىدە ياپار ھۈنەر يۈز ئەيىبىڭ.

— سەئدىي شىرازىي

بىر قارا ئاقچىغا سوزۇلسا قولۇم،
بىر يېرىم تەڭگىگە كېسىلگىنى خوپ.

— سەئدىي شىرازىي

گەر كاسىپ مۇساپىر بولسا يات يۇرتتا،
قىينچىلىق دېگەننى بىلمەيدۇ ئەسلا.
كەچتە ئاچ ئۇخلاشقا بولىدۇ مەجبۇر،
ئۆز يۇرتىدا تەختتىن چۈشسە پادىشاھ.

— سەئدىي شىرازىي

بار بولسا ھۆنەر ۋە ئەقىل - ئىدراك، پەم،
ئەلنىڭ نەزەرىدە ئۇ ئەزىز ئادەم.
ياشلىقتا، كۈچ - قۇۋۋەت بارىدا دەرھال،
قولۇڭدىن كەلگۈنچە نېسۋەڭنى ئال.

— بەدرىددىن ھىلالىي

ھېچكىمگە يېلىنماس ھۈنەرلىك ئادەم،
رىزقىنى بېغىدىن تاپىدۇ باغۋەن.

— سەيىدا نەسەپىي

بىر كىشى ئۈچۈن پەقەت بۇ ھۈنەر،
ئىقبال ئىشىكىنى ئاچار مۇقەررەر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىلىم ۋە ھۈنەرنى بىلمەستىن ئىنسان،
بەخت ئىشىكىنى ئاچالماس ھامان.
جاۋاھىر بىلەن تۆمۈر بولىدۇ پولات،
ئىلىمسىز ئۆز جىسمىدىن چىقمىقى گۇمان.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىگىلەي دېسەڭ سەن ئىلىم ۋە ھۈنەر،
ئىنساپ، كامالنى قىل ئۆزۈڭگە رەھبەر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ھۈنەر مەئدىن دائىم كۆپ جەبرۇ بىداد①
ھۈنەرسىزنى ئەتمەس ھېچبىر كىشى ياد.

— خوسراۋ دېھلەۋي

كىم سەنئەتنى ئۆلچەر بايلىق، مال بىلەن،
ئۇ گۆھەرنى تەڭ كۆرەر ساپال بىلەن.

— خوسراۋ دېھلەۋي

بولۇر دانا كىم ئەگەر دېسە ھۈنەر،
نادانلار بايلىقنى قۇدرەت دەپ بىلەر.

— ئابدۇراخمان جامي

ئادەمنىڭ قىممىتى ئەمەس كۈمۈش زەر،
ئادەمنىڭ قىممىتى بىلىم ھەم ھۈنەر.
ھۈنەر سەۋەبىدىن، باقىن، دۇنيادا،
خوجىسىدىن قەدىرلىكتۇر كۆپ قۇللار.
ھۈنەرسىز بولغاچقا قانچىلاپ خوجا،
ئامالسىز قالماقتا قۇللار ئالدىدا.

— ئابدۇراخمان جامي

① ھېچكىمگە ئەرز - داد قىلالماي نائىلاج قىلىش.

ۋۇجۇد سىرلىرى خام، پىشۇرۇلماي قالدى،
بۇ قىممەت دۇر يىپقا تىزىلماي قالدى.
ھەركىم ئۆز ئەقلىچە بىر سۆز دېدى - دە،
ئەمما ئەسلى سىر ھېچ ئېچىلماي قالدى.

— ئەبۇ ئاسىر خارابىي

بىلىمىڭ ئاسمانغا بەتكەن بولسا ھەم،
باشقىلار ئىلىمگە قۇلاق سال ھەردەم.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي

ۋەلىلىك① ئىزدىسەڭ، دانالىق ئىزدە،
كىمكى دانا بولسا ئاشۇ ۋەلى. دە.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي

ھاياتنى ئۆتكۈزسە ئۆگىنىپ ساۋاق،
ئۇستا ھەم، شاگىرت ھەم خۇشال ھەممە ۋاق.
توقۇش - ئېگىرىشمۇ بىلىم بىلەندۇر،
دۇنيانى تېپىشمۇ بىلىم بىلەندۇر.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي

---

① ئەۋلىيالىق.

## ئىلىم

ئادەمدىن يۇقىرى تۇرىدۇ ئالەم،
بىلىم توپلىماققا موھتاجدۇر ئادەم.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

ئادەملەر ئەقلىنىڭ چىرىقى بىلىم،
بالادىن ساقلىنىش يارىقى بىلىم.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

ئىلىمدىن ياخشىراق خەزىنە بولماس،
قولۇڭدىن كەلگۈنچە يىغالمىساڭ، بەس.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

ھايات ساۋاقلىرىنى قىلالمىسا ياد،
ئۇنى ئۆگىتەلمەس ھېچقانداق ئۇستات.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

بىر شولىسى دىلغا چۈشكەن ئان —
بىلىسەنكى، ئىلىم بىپايان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

سوراپ - سوراپ بولار دانىشمەن،
هەر ئارزۇغا يېتىدۇ جەزمەن.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمكى بىلىمنى ئۇنتۇسا دەرھال،
بۇنداق ئادەم تىلى سۆزگە كەلمەس لال.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

تەجرىبىلىك ئىت يەيدۇ يولۋاسنى تۇتۇپ،
جەك كۆرمىگەن شىر قاچار تۈلكىدىن قورقۇپ.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

شۈبھىسىز، ئىلىمدىن تىرىكتۇر ئىنسان،
مۇشەققەت - مېھنەتنى يېڭىدۇ ئاسان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بىلىمىم شۇ جايغا يېتىپ كەلدىكىم،
بىلىمسىزلىكىمنى ئەمدى چۈشەندىم.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخى

ياشلىق چېغىڭدا ئۆگىنىش بىلەن
ئەقىل ھەم ئىدراك تېپىشىڭ ئاسان،
نوتىلىقىدا باغۋەن دەرەخنى
ئېگىپ قويىدۇ خالىغان تامان.
ئەگرىلىكنى ھېچكىم تۈزەلمەس،
نوتا چوڭىيىپ بولغاندا يوغان.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخى

جاھان باشتىن-ئاياغ ھېكمەتتۇ ھېكمەت،
نېمىشقا غەپلەت بىزگە بولۇپتۇ قىسمەت؟

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

تەقدىر يامانلىقىنى كۆرگەندە راۋا،
ساۋاق ئال ئۇنىڭدىن تاپقىن نۇر - زىيا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ھەر ئىلىمدىن ئاڭلىساڭ بىر سۆز،
ئۆگەن ئۇنى كېچە ھەم كۈندۈز.

كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغاننى ھەم،
ئىلىم بىلەن بەرپا قىلىدۇ ئادەم.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

دىل ۋە جانغا ئىلىم دائىم نۇر چاچار،
غەپلەتتىن قۇتۇلۇش ئىلىمدىن بولار.
قىيىن مېھنەتكە كۆرسىتىپ سابات،
ئىلىمدىن ئىزدىگىن ھاجەتكە نىجات.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىلىمدىن كىشىگە ئىززەت، ئابروي ھەم.
ئىلىمسىز ھېچ يەرگە قويمىغىن قەدەم.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسي

ھەق جاھاننىڭ جانىدۇر، بەدەندۇر جاھان.
پەرىشتىلەر بۇ تەنگە سەزگۈ بىگۇمان.
ئۇ سۆزلەردىن ھەممە جىسىم، مەۋالىد ـ ئەزا،
شۇدۇر بىرلىك، قالغىنى ھىيلە يۇ، يالغان.

— ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا

ياخشىدۇر كەتمەستىن مۇشۇ جاھاندىن،
ئەقلىڭ خالاس بولسا ھەر پۇشايماندىن.

بىلىم ياخشى، دېدى ئاكا پىر بىر كۈن،
بىلىملىك ئالەمدە ھەممىدىن ئۈستۈن.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بىلىم بىلەن بولار ئادەمدە ئىمان،
بىلىم بىلەن دۇنيانى باغلىماق ئاسان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

گۆھەرمۇ ھۈنەرسىز بى قىممەت ۋە سۇس،
بىلىم بىلەن بولغاي جۇلالىق - دۇرۇس.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

قۇدرەتلىكتۇر كىمكى بولسا بىلىمدان،
بىلىمدان قېرىلار دىلى نەۋقىران.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىم يېتەكلىسە بىلىم ناملىق ئۆمۈر ئېتىنى،
ئۆزى ئۆلسىمۇ ياد ئېتەر ئۇنىڭ ئېتىنى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمكى شاگىرتلىقتا چىن دىلدىن شاد،
بىر كۈنى ئۆزىمۇ بولغۇسى ئۇستات.

— ناسىر خىسراۋ

ئۆزۈڭنى بىلىم بىلەن بىزەت ھەر مەھەل،
پەقەت كىمخاب كىيگەن ئەمەستۇر گۈزەل.

— ناسىر خىسراۋ

تەن تىرىك جان بىلەن، جان تىرىكلىكى ئىلىم،
قەلب قانى ئىچرە بىر گۆھىرى جاندۇر بىلىم.

— ناسىر خىسراۋ

بىلىمدان شاد بولار دائىم دىلۇ جان،
بىلىمسىز ئالەمدە ھەيران، سەرگەردان.

— ناسىر خىسراۋ

يۇمشاق تەبىئەت بولسا جامالى،
ئىلىم ـ ھېكمەتتۇر ئادەم كامالى.

— ناسىر خىسراۋ

قۇدرەتلىك يە دانا ـــ ئىنسان ئىككى خىل،
باشقىغا ئېتىبار بەرمىگىن ئەسلا.

ئەتە قولدىن كەلگەننى قىلالمىغايسەن،
پايدىلىنىپ قالغىن بۈگۈن ئىمكانىدىن.

— ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا

بىلىمسىزلىك بىلەن ئىشقا قول سالساڭ،
پايدىسى يوقتۇر قانچە تىرىشساڭ.

— ئەسەدىي تۇسىي

بىلىم بايلىقىغا تويمايدۇ ئادەم،
كېمىمەس باشقىغا قانچە بەرسە ھەم.
ئالەمدە بىلىمدۇر بايلىق بىباھا،
كىم بىلىم ئىگىسى — ئاشۇ پادىشاھ.

— ئەسەدىي تۇسىي

بىلىم ئالماي ياخشىلىق قىلغىلى بولماس.

— ناسىر خىسراۋ

پايدا بەرمەس بولغان بولسا ئاتاڭ بۇزرۇك، نار،
ئەگەر ئۆزۈڭ يۈرگەن بولساڭ بولۇپ پەستە خار.

— ناسىر خىسراۋ

گەر كىمگە بولمىسا ئەقىل، بىلىم يار،
قوشما ئۇنى ئادەم سانىغا زىنھار.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

جاھاندا ئىلىمنى ئايرىشنى بىلگىن،
ئىش بىلەن سېھىرلىك پەرقىنى قىلغىن.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

نەسىھىتىم ئال، ئەي ئوغلۇم يەكبار،
ئاتا بەندىدىن بولغىن ھوسۇلدار.

— نىزامىي گەنجىۋى

كىمكى ئۆگىنىشنى ئار دەپ ئويلىماس،
سۇدىن دۇر ئالىدۇ، تاشتىن لەئل①، ئالماس.

— نىزامىي گەنجىۋى

بىلىمسىز بولسا كىشى،
دۇرۇس چىقماس ھېچ ئىشى.

— نىزامىي گەنجىۋى

---

① قىزىل ياقۇت.

دانا ئەمەس قۇدرىتى ئالتۇندا بولسا،
بىلىم بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ دانا.
مىڭ خەنجەرلىك ھېچكىم بولماس بىلىمدان،
ئىلىمدا مىڭ خەنجەر كۈچى مۇھەييا.
ئىلىم بىلەن يېتىش مۇمكىن، بۇرادەر،
زەررىلەردىن چىقىپ قۇياشقا قەدەر.

— نا سىر خىسراۋ

ياشلىقتا بىز شاگىرت، باشقىلار ئۇستات
كېيىن ئۇستات بولۇپ دىلنى قىلدۇق شاد.

— ئۆمەر ھەييام

دىلىم ئىلىملەردىن مەھرۇم بولماپتۇ،
بىر سىر قالمىدىكى جەپھۇم بىلماپتۇ.
تۈن ۋە كۈن ئەيلىدىم يەتمىش ئىككى يىل،
چۈشەندىم — ھېچ نەرسە مەلۇم بولماپتۇ.

— ئۆمەر ھەييام

سېمىز ئۆكۈزنىڭ ياخشىدۇر گۆشى،
ئىلىم ھەم ھۈنەر ئادەمنىڭ كۆركى.

— ئەبۇلمەجىد سەنايى

نەپ بەرمەيدۇ چوڭ ئەزالارمۇ ھەر دەم،
ئەقىلسىز، ھۈنەرسىز بولسا گەر ئادەم.
بىزنىڭكىدىن چوڭدۇر ئۆكۈز كۆزلىرى،
ئۇزۇنراققۇ ئېشەك قۇلاقلىرى ھەم.

— سەئدىي شىرازىي

بار نەرسەڭنى بىرسېپ تاپ مەنە - مەقسەت،
ھەممىسى كەتسىمۇ شۇ قالار ئەبەد.

— سەئدىي شىرازىي

ئالاي دېسەڭ ئاتاڭدىن مىراس،
باغلا ئاتاڭ ئىلمىگە ئىخلاس.

— سەئدىي شىرازىي

ئۇستات سۆھبىتى — جان ئوزۇقىدۇر.
— سەئدىي شىرازىي

ئەگەر تەربىيەت كۆرمىسە ئادەم،
ئېشەك بولۇپ قالار يۈزگە كىرسە ھەم.

— سەئدىي شىرازىي

بىلىم مىزانىدا سۆزنىڭ ئۆلچەپ ئال،
ئىلىمسىز ھەممە گەپ شامالدۇر شامال.

— سەئدىي شىرازىي

ئىلىم ئەگەر ئاز بولسىمۇ ھېچ قىلما خار،
ئاز ئىلىمنىڭمۇ بۈيۈك قىممىتى بار.

— پەرىددىن ئەتتار

كىمدە ئىلىم، مەرىپەت ھاسىل بولمىدى،
مەقسىتىگە ئەسلا ۋاسىل بولمىدى.

— پەرىددىن ئەتتار

قۇۋۋىتىم باردا پايدام بىلمىدىم،
چۈشەنگەن چېغىمدا تېمەن بولمىدىم.

— پەرىددىن ئەتتار

كىمدە بولسا ئەقلۇ ئىلىم ھەمدە پەم،
ئاقىل، دانىش ئەھلىنى قەدىرلەر ھەردەم.

— پەرىددىن ئەتتار

ھەركىم ئۇستازتىن قاچقان زاماندا،
دۆلەت مۇرادتىن قاچار جاھاندا.

— جالالىدىن رومىي

بارچە ئادەم ئىلىمدىن تاپار كامال،
بىكار بۇندا مەنسەپ ھەمدە بايلىق، مال.

— سەئدىي شېرازىي

ئاگلا، ئەي بۇرادەر،نە سىھەت ۋە پەند،
جان ۋە دىلىڭ قىل ئىلىمگە پەيۋەند.
ئالىم ھەر ئىككىلا ئالەمدە سەرۋەر،
كىچىكمۇ ئىلىمدىن ئۇلۇغلۇق كۆرەر.

— شەبىستارىي

كىمكى بىلىمسىزلىك زىندانىدا گۇم،
گادادۇر تىللاسى بولسىمۇ يۈز ھۇم.

خوسراۋ دېھلەۋىي

ئالىم گەر ئىلىمگە قىلمىسا ئەمەل،
ئۇ ئۈستىگە كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەك.
ئىلىمسىز قازىنى ئېشەك دەپ ئېيتما،
چۈنكى بۇ ئېشەككە تۆھمەت ۋە ئۆرنەك.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئىلىم تاپالمىغان ئۆزى ناقابىل،
زامان ھەرىكەتچان قابىلغا ھەمكار.
كۈن نۇرى چۈشمىسە ئۆينىڭ ئىچىگە،
قۇياش ئەمەس، بۇنىڭغا ئۆيدۇر ئەيىبكار.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تىرىشىپ ئوقۇساڭ ـ بىلىمدانسەن،
ئەگەر ئەمەل قىلمىدىڭ، نادانسەن.
ئۇستىگە كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەك ـــ
نە ئالىم ۋە نە دانادۇر بى شەك.
ئۇ مېگىسىز نەدىن تاپىدۇ خەۋەر،
ئۇستىدە ئوتۇنمۇ يا كىتاب ـ دەپتەر؟

ـــ سەئدىي شېرازىي

قەترە ـ قەترە ئۇستىگە جەم بولسا، ئۇ بولغاي نەھىر،
نەھىر ئۇستىگە نەھىر كەلسە بولار دېڭىز ئاخىر.

ـــ سەئدىي شېرازىي

كېسەل تۇتقۇزمىسا تېۋىپقا تومۇر،
تۈزەلمەك خىيالى خامدۇر، ھوشيار بول.
بىلمىگىنىڭ سورا، سوراش ئادىتى ـــ
بىلكى، بىلىمدانلىق ۋە ھۆرمەتكە يول.

ـــ سەئدىي شېرازىي

ئەۋەتتى ئوغلىنى مەكتەپكە پادىشاھ،
قىلىپ قوينىغا نوقرا تاختىچە جا.
ئۇ كۆمۈش لەۋھىگە زەردىن پۈتتى ياد:
«پەدەر مېھرىدىن ئەۋزەل جەبرى ئۇستات.»

ـــ سەئدىي شېرازىي

ئىلىم مەدەتى گەر بولسا سەندىن يىراق،
كېچە قاراڭغۇسىدا سەن بى چىراغ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

راست ئالىم ھىيلەدىن يىراقتۇر، يىراق،
نۇرنىڭ ئۆز سايىسى بولمايدۇ ھېچ ۋاق.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئادەمنىڭ شەرىپى ئىلمىنىڭ مولى،
كىمكى دانا بولسا مەن شۇنىڭ قولى.
كىم مەنسەپ قوغلاشتى — ئىلمى بولمىدى،
ھاجەتخانا ئۇنداق مەنسەپنىڭ يولى.
بېشىدا دەستار ۋە ئۇستىدە زەر تون —
بولسىمۇ، ئىلىمدىن يۇيۇلدى قولى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئىلمنى ئوغرىمۇ ئوغرىلالماس، بەس،
ئىلمنى ئەجەلمۇ ئېلىپ كېتەلمەس.

— رۇكنىددىن ئەۋھادىي

ئىشقا ياراپ قالسا ئىلمىڭ بىر مۇددەت،
يانا ئاشۇرۇشقا قىلغىن سەن شىددەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەگەر ئىلىمدىن كىيگەن بولسا تاج،
ئۇ باش ئاسماندىن ئۇندۇرىدۇ باج.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گەر سىزسا قەلىمىم سىزىقتىن بىر،
چىراغ نۇرىسىز ئۇ چىقىدۇ قىڭغىر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاتسا ئىلىمگە كىمكى بېشىنى،
شامالدىن يۇرگۇزەر تۇگمەن تېشىنى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شۇنداق، جۇل - جۇل چاپان بىزگە ئاياندۇر،
جۇل - جۇل چاپان ئىچرە ئادەم نىھاندۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بىلمىگەندىن بىلگەن كەم بولسىمۇ ساز،
ئىلىم ئېقىن سۇغا كېمە بولىدۇ،
كېمىدە بىلىملىك ئۈزۈۋېرىدۇ.
ئىلىمگە ئاشنا بولغىنىڭ زامان،
كېمىسىزمۇ سۇدىن ئۆتمەن ئاسان.

— رۈكنىددىن ئەۋھادىي

ئىلىمگە بولۇپ ئاشنا، ئاسانراق كەچ دەريا،
دەريادىن ئاسان ئۆتۈش ئىلىملىككە ئاشنا.

— كامال خوجەندىي

ئۆگەنگەن ئىلىمگنى ئىشلەت ھەر مەھەل،
ئۆچمىسۇن كۆچ بىلەن يېقىلغان مەشئەل.

— ئابدۇراخمان جامىي

بىلىملىكلەر سۆزى باردۇر بۇ بابتا:
«بىلىملىك قەيەردە، ئىلمي كىتابتا!»
ئەگەر يالغۇز بولساڭ ھەمدەم كىتابتۇر.
بىلىم سۆھبىتىدىكى نۇر ھەم ئاپتاپتۇر.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەقىل ھەمراھى ھەم جان يارى ئىلىم،
ئىككى ئالەمدە جان ھېسارى ① ئىلىم.

— رۇكىنددىن ئەۋھادىي

سۇدا ئېرىپ كەتمەس ئىلىم جەۋھىرى،
ئوتتا كۆيۈپ كەتمەس ئىلىم گەۋھىرى.
قىلالماس ھەتتاكى تۇپراقتا نىھان،
ئۇچۇرۇپ كېتەلمەس شامال ۋە بوران.

— رۇكىنددىن ئەۋھادىي

زادى يوق ئىلىمدىن روشەن ئاپتاپ،
ئىلىمسىز ئۆمرۈڭنى قىلمىغىن خاراب.
بىلىمنىڭ نۇرىنى چاچمىساڭ ئەگەر،
تۇتقۇنلۇق تونۇرى سېنى كۆيدۈرەر.
جېنىڭ قۇشىغا ئىلىمدۇر قانات،
ئىلىمدىن ئالەمدە روناق ۋە بىسات.
ئىلىم — يورۇقلۇقتۇر، جاھالەت — زۇلمەت،
ئىلىم بەخش ئېتەر دىلغا زەراپەت ②.

ئىلىم سېنى توغرا يولغا سالىدۇ،
چىراغ تۇتۇپ ئالغا باشلاپ بارىدۇ.
ئىلىم تەن بولسىمۇ، جان بولسىمۇ ساز،

① قەلئە، ئىستىھكام.
② ھوشيارلىق.

ئىلىمدىن دۇنيانىڭ ئىشى سازدۇر، باق،
ئىلىمسىزنىڭ ئىشى سوزۇلار ئۇزاق.
بىلىمگە امق تولسا ھەركىمنىڭ دىلى،
ئىشقا چېچەن بولار ئاياغ ۋە قولى.

— ئابدۇراخمان جامىي

قەدەم قويسا ھېكمەت تولۇق دىل بىلەن،
ھەممە ۋاقىت ھەممە ياق بولىدۇ روشەن.
بىلىمدىن بېزەك تېپىپ دىل ۋە جان.
يەر، سۇ كىتابىنى ئوقۇيدۇ ئاسان.

— ئابدۇراخمان جامىي

بەختىڭنى تېپىپ ئۆرۈمە يۈزۈڭ،
ئۈچكە بۆلۈنسۇن كېچە - كۈندۈزۈڭ.
بىرىنى ئۆتكۈز ئىلىم ئۆگىنىپ،
ئىلىمسىزلىك سەت، ئۆتمە ئۆكۈنۈپ.
ئىككىنچىسىدە سەن ئىلمىي ئىشلە،
ئۈچىنچىسىدە ئۆگەت ئۆزگىگە.
مەن شۇنداق قىلىپ بولغانمەن دانا،
ھەم جاھالەتتىن بولغانمەن ئادا.

— ئابدۇراخمان جامىي

كىتابتىن ياخشىراق دوست يوق جاھاندا،
غەمخورۇڭ بولغاي ئۇ غەملىك زاماندا.
ئۇ بىلەن قال تەنھا، ھىچ بەرمەس ئازار،
جىنىڭغا يۈز راھەت بەرگۈسى تەكرار.

— ئابدۇراخمان جامىي

غاپىل ئولتۇرما ئويۇن ۋاقتى ئەمەس،
ھۈنەردىن ئۈنسۈن غۇرۇر ۋە ھەۋەس.
دانىش تەلەپ قىل، بولغىن ئۇلۇغراق،
كۈنۈڭدىن - كۈنۈڭ بولسۇن بولۇقراق.
ساڭا ئۇلۇغلۇق لازىم ھەر جايدا،
ئاتاڭ ئابرويى بەرمەيدۇ پايدا.
ئىلىم ئېلىشقا تىز بىلىكىنى باغلا،
باشقا ئىشلاردىن قولۇڭنى باغلا.
شۇ بىلەن تامام ئۇستازىڭ سۆزى،
قالغانىنى ئېيتار ئىلمىنىڭ ئۆزى.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئىلىم — ھەممە ھۈنەرنىڭ تاجى - بىباھا،
ئىلىم — ھەممە قولۇپنىڭ ئاچقۇچى - ئەلا.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەڭ زۆرۈر بىلىمنى كۈچ بىلەن ئۆگەن،
زۆرۈر بولمىغاننى ئىزدەپمۇ يۈرمە.
زۆرۈرىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن،
ئاڭا ئەمەل قىلماي ھېچ ئۆمۈر سۈرمە.

— ئابدۇراخمان جامىي

كاتتا مەنسەپكە ئولتۇرغاندىمۇ
ئىلىم ئاشۇرۇشنى پىكىر قىل ھەردەم.
مەنسەپ بىلەن كاتتا ئەمەس ئادەم،
مەنسەپ ئادەم بىلەن مۆھتەرەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

مېۋىسىز شاخ بېشىنى كۆتۈرەر تىك،
مېۋىلىك شاخ بېشى سالاڭغا ئېگىك.

— ئابدۇراخمان جامىي

تۈنلەر باشتىن - ئاياغ ئۇيقۇدا ئۆتسە،
ئەجەب ئەمەس يېرىم ئۆمۈر بىھۇدە كەتسە.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۇستات، مۇئەللىمسىز قالسا گەر زامان،
نادانلىقتىن قاپقارا بولاتتى جاھان.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەي ئىلىم يىغقۇچى، سىز بىلگۈچىلەر،
ھەرقانداق مۇشكۈلنى ھەل قىلغۇچىلار.
ئەقىل بىناسىنىڭ ئاساسى سىزلەر،
ئەقىلسىز دىلنىڭ ھەقشۇناسى سىزلەر.
كۆك گۈمبەز ئاستىدا كۆيدۈرگۈچى سىز،
ھەممەنىڭ كۆزى كور، كۆرسەتكۈچى سىز.
كۆزى ساقلار تاشلاپ تۇرمىسا نىگاھ،
كورلار ئوتقا چۈشۈپ كېتىدۇ ناگاھ.
سىزلەردىن نۇرلارغا تولسۇن ھەممە ياق،
يامان كۆز ئۇ نۇردىن بولسۇن كۆپ يىراق.

— ئابدۇراخمان جامي

بالادىن قاچقاندەك قاچ جاھالەتتىن،
كەسىپ ئەت ئىلمىي دانىشنى ئۆزۈڭ باشتىن.
قول ۋە ئازادىگە بىردەك بىلىكتۇر،
تىرىكتۇر ئالىملار، نادان ئۆلۈكتۇر.
بىلىم يولىغا سەن قەدەم باس چاپسان،
ئۆمۈر كۆپ قىسقادۇر، ئىلىم بىپايان.
ياشىدى ئالەمدە كىم ئىككى نۆۋەت؟
پەقەت ئىلىم بۇندا بەرقارار ئەبەد.
بىلىم ئالدىڭمۇ ئاڭا تېز ئەمەل قىل،
ئەمەلسىز ئىلىمنى مىسلى زەھەر بىل.

— ئابدۇراخمان جامي

ئىلمىڭنى ئەمەلدىن قىلمىغىن جۇدا،
ئىلىم ئەمەل بىلەن ئىشقا رەھناما.
ئىلىم گەر ئەمەلگە يار بولماس،
ئۇندىن كۆزگە ھېچ مادار بولماس.

— كامالىددىن بىنايى

ئۇستات پەدەردىن ئاغار،
ئۇندىن ئارتۇق ھەققى بار.
پەدەر ھايات بېرىدۇ،
ئۇستات نىجات بېرىدۇ.

— كامالىددىن بىنايى

ئۇيقۇنى بىل بىر ئۆلۈم مىسالى،
ئاندا مېۋىسىزدۇر ئۆمۈر نىھالى.

— كامالىددىن بىنايى

ئىلىم ھەم باقىدۇر، ھەم ئەبەدىي ئۇ،
ئىلىمدىن باشقىسى سېۋەتتىكى سۇ.
ئىلىمسىز كىشى نېمە؟ ھايۋان پەقەت،
جانسىز تەن، بېزەكلىك بىر ئايۋان پەقەت.

— كامالىددىن بىنايى

تەلەپ گىردابى كەڭ ھەم بەكمۇ يىراق،
ئىلىم دەرياسىمۇ چوڭقۇر بى قىرغاق.
تاپقىنىڭغا ئەسلا قانائەت قىلما،
شۇنچە ئالدىرا، چارچاشنى ئۇقما.
غەيرەت قىل، بىلمۇپلىشقا تىرىش،
بىلسەپ ئال ـ دە، كېيىن راستئىشقا كىرىش.

— ئابدۇراخمان جامىي

بىلىمدىن لاپ ئۇرۇش ئەسلى نادانلىق،
نادانلىقىڭ بىلسەڭ — شۇ بىلىمدانلىق.
ئۆز بېشىڭغا ئۆزۈڭ سالما ھەيرانلىق،
بىر «يوق» كەلتۈردۇ مىڭلاپ ئاسانلىق.

— ئەلىشىر ناۋايى

ئىلىم ئېلىش كەسپىڭ بولسۇن بۇرادەر،
جاھالەتنى چەيلەپ، ئال ئىلمۇ ھۇنەر.
ئىلىمسىز تاپىمغايسەن مەرىپەت ھېچ،
ئىلىمسىز بولمىغاي بۇنداق سۈپەت ھېچ.

— كامالىددىن بىنايى

ئىلىم يولىدا ئەلەم چەككەن ئادەم،
ئەلەم ئەمەس، بەخىتكە قويىدۇ قەدەم.

— كامالىددىن بىنايى

ئىلىمىڭ بولسىمۇ، بولمىسا ئەمەل،
پېشىڭغا كېلەر نادامەت، جېدەل.
ئىلىم گەر بولسا ئەمەلگە ئاشنا،
بىرى مىڭ بولار ئاندىن ئەلا.

— بەدرىددىن ھىلالىي

ئېغىر كۈننى كۆرمەي ئەسلى،
ئۆتكۈر بولماس ھەركىم ئەقلى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىلىم — ئىنسانىيەت گۆھەرىدۇر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئاۋۋالقى خىشنى قىڭغىر قويسا گەر مېمار،
يۇلتۇزغا يەتسىمۇ قىڭغىردۇر دىۋار.

— ئابدۇقادىر بېدىل

مەن بىلىم ئېلىشتىن بەكمۇ خۇرسەندمەن،
يانا بىر مەقسەتكە دىلدىن پەيۋەندمەن.
تايانچىم بولۇپ شۇ ئىلمۇ ھېكمەتتىن،
ئالەمنى ئويغىتاي ئۇيقۇ - غەپلەتتىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

تاكى تەندە جېنىڭ باركى، بىلگىن،
ئىلىم ئۆگىنەشتىن بىردەم تىنىمىغىن.
تېنىڭ زەئىپ، چېچىڭ ئاپئاق بولسا ھەم،
ئىلىمدىن نائۈمىد بولمىغىن بىردەم.
قېرى - خەستىلىكنى قىلما باھانە،
ئىلىم ئىزدەپ بېشىڭ ئۇرغىن ھەريانە.
تاكى تېنىڭدىن چىقماي تۇرۇپ جان،
كامالغا ئىنتىلمەي قېلىش كۆپ زىيان.

— كامالىددىن بىنايى

ئىلىم ھەم، ئۇستات ۋە كىتاب ھۆرمىتى —
ھەممىسىدىن زۇرلۇر بۇ باب ھۆرمىتى.
كىم ئەستىن چىقارسا بۇ ئۈچ ھۆرمەتنى،
تارتار ھاياتىدا يوقلۇق زىللەتنى.
كىم بۇ ھۆرمەتلەرنى كىبرەكسىز بىلدى،
بۇ يولدا مەقسەتكە يەتمەي يىقىلدى.

— كامالىددىن بىنايى

ھىممەت بىلەن شىر بېشىغا چىقار چۈدىلە،
ھېكمەت بىلەن ھەسەل ھېرەر تىرمىشچان ھەرە.

— بەدرىددىن ھىلالىي

## جاھالەت

نادانىنى زارلايدۇ ھەتتا تاغۇ تاش،
نادانغا تەنتەنە بولمايدۇ يولداش.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

پاتقاقتىن خارراقتۇر جاھاندا نادان،
بىرەر ياخشىلىقتىن خالىدۇر ھامان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

نادانلىقتىن يامانلىق كېلىدۇ پەقەت،
نادانغا يولىما، باسىمسۇن غەپلەت.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

پەقەت يامانلىقتۇر نادانىنى ئەسەر،
بىلىمسىز بار ياققا تاشلىما نەزەر.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

دور ئالەمدە هەر كىم بارار ئىلىم يولىدىن،
ۋەزمىنلىكى گۇۋاھدۇر ئۇنىڭ ئىلمىي مولىدىن.
سۇدىن چىققان هەر كوزا بۇڭا مىسال بولىدۇ،
هەجمىگە لايىق ئالار ئېغىرلىق سۇ قولىدىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

بىلىم ئۆتكۈر تىغ بېرەر،
جان بېرەر هەم ئۆلتۈرەر.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتىي

ساۋات - ئىلىم ئاساسى، ئىلىم - هايات كۆزى،
هايات تەلەپ قىلساڭ، بۇ ساۋات ئۆزى.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتىي

كىمنىڭ كىيگەن لىباسى بولسا گەر ئىلمۇ هۈنەر،
ئۆيىدىكى زىلچىسى بورا بولسا نى زەرەر.

— پەرۋىن ئەتسامىي

غاپىل ۋە جەسەت،
بىر نەرسە پەقەت.

— ئابدۇلمەجىد سەنايى

قەيەرگە ئاپتاپ نۇر تۆككىنى ھامان،
كېتىدۇ ئۇ يەردىن سايىمۇ شۇئان.

— پەرىدەددىن ئەتتار

ساراڭلىق كېسەلى شەپقەت قوزغىتار،
نادانلىق كېسەلى نەپرەت قوزغىتار.

— جالالىددىن رومى

جوھۇت ۋە مۇسۇلمان قىلاتتى جاڭجال،
سۆزلىرىدىن كۈلكۈم ئۆرتەندى، شۇئان.
«جوھۇت بولاي ئەگەر، ئەي خۇداۋەندە،
ئەھدىم چىن بولمىسا» دەيتتى مۇسۇلمان.
جوھۇت دەر: «تەۋراتتىن ئىچەي مەن قەسەم،
سەندەك مۇسۇلمان بولاي، ئەھدىم بۇزغان ئان.»
يەر يۈزىدىن ئەقىل يوقاپ كەتسىمۇ،
ھېچكىم دېمەيدىكەن ئۆزىنى نادان.

— سەئدى شىرازى

جاھالەت ئەھلى تاپماس ئارزۇ - ئىززەت،
بۇ خام مېۋە - يا پۇراق يوق، يا لەززەت.

— ناسىر خىسراۋ

قېرىنداش بولسىمۇ جاھىل، كېچىپ كەت،
راھەتتىن كۆپ ساڭا زىيان - زەخمەت.

— ناسىر خىسراۋ

جاھالەت ئەھلى بىلەن قىلما سۆھبەت.
يېتەر ھەردەم بۇ ئىشتىن جانغا زەخمەت.

— ناسىر خىسراۋ

ئەگەر ئۆزۈڭ سوغۇق تاشتەك سوغۇق بولساڭ،
ئىسسىتالماس ئاتاڭ تەپتى. قانچە قىلساڭ.

— ناسىر خىسراۋ

بۇ بەكمۇ ياخشى سۆز، سەنمۇ سال قۇلاق،
نادان دوستتىن كۆرە دۈشمەن ياخشىراق.

— ئابدۇلمەجىد سەنايى

بىرسى ئەخمەقانە ئىش قىلسا ساڭا،
ئۇنىڭ نادانلىقىنى ھەرقاچان ئۇنۇت.
نەپسى - ھاۋا، جاھالەت كەلمىسۇن غالىب،
ئەقلىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق ئىش تۇت.

— ئابدۇراخمان جامى

دانا سۆھبىتىدىن باش تارتسا نادان،
دەۋراندىن ياخشىلىق كۆرمەس ھېچقاچان.

— ئابدۇراخمان جامى

قاپاقباش ياخشى پىكىر قىلغانتى قاچان؟
پوچ ئۇرۇقتىن مېغىز چىققانتى قاچان؟

— بەدرىددىن ھىلالى

غاپىل ئادەمنىڭ ھاياتى — ئۇيقۇ بىلەن خام خىيال،
ھەي ئىسىت، جاھىل بىلەن سۆھبەتتە ئۆتكەن دەملىرىڭ.

— زىبۇننىسا

ئەيشى يۈز دانانى بوزغان بىرلا نادان شۇم ئېرۇر،
ئاڭلىشىلماس مىسرا، چۇن بىر سۆز ئەگەر مەۋھۇم ئېرۇر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئۈستىنى گۈل قاپلاپ، ياشناپ تۇرسا گۆر،
لەھەت ئىچرە قۇرۇپ ياتقان گۈلنى كۆر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ساقاللىقلا كۆرستىلدى كوسا ساقىلى،
بىر ـ ئىككى تۈك ئىكەن ئۇنىڭ ماختانغان مېلى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئالەمدە ھەر كۈندە بار ھامان زاۋال،
ئەبەدىي قالمايدۇ بۇ ھۆسن ـ جامال.

— خوسراۋ دېھلەۋى

تېز قىزىپ، سۇس سوۋار بەد جاھىل ئىنسان،
ھايۋاندىن پەسراقتۇر، ھايۋاندىن يامان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

قۇل ۋە ئازادىغا مەلۇم ۋە ئايان:
دانا تىرىكتۇر، ئۆلۈكتۇر نادان.

— ئابدۇراخمان جامىي

جاھىلغا يول تاپار دائىما ئاقىل،
ئەمما ئاڭا مەرھەم بېرىدۇ جاھىل.

— ئابدۇراخمان جامىي

توغرا ئويلاپ، توغرا يۇرگەن ھەر كىشى،
بىلگىنكى، مۇستەھكەم ئۇنىڭ ھەر ئىشى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمكى پايدا ئىزدەپ ۋەتەندىن كېتەر،
باشقىغىمۇ گۆكۆل قويالماي ئۆتەر.
ئۇچقۇن تاشتىن ئاجراپ چىققاندىن كېيىن،
قانچە ماختىمىغىن، بەربىر ئۆچەر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

مەرد بولساڭ ۋەتەننى قىلغىن ھىمايەت،
قان بىلەن يۇيۇلسۇن گۇناھ - جىنايەت.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتىي

## ۋەتەن

يېرىمىز، سۈيىمىز، پەرزەنتىمىز دەپ،
خوتۇن، بالا ـ چاقا، دىلبەندىمىز دەپ،
بىرمۇ بىر جېنىمىز قىلىمىز پىدا،
ۋەتەننى دۈشمەنگە بەرمەيمىز ئەسلا!

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسىي

تار ئۆتۈكتىن ياخشىدۇر يول يۈرگىلى يالىڭاياغ،
مۇساپىرلىق ئەلادۇر جەڭ بولسا ئۆيدە ھەممە ۋاق.

— سەئدىي شىرازىي

قەپەز خاھ پىل سۆڭەكتۇر، خاھى تىللا،
چىكەر قۇش بوستان دەردىنى تەنھا.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

ئىبادەت — ئەسلى خەلققە خىزمەت قىلىش.
مەسچىت، جايىنامازدا ئەمەس بۇ ئىش.

— سەئدىي شىرازىي

ئىش بولسا ئىدى گەر ئۆز قولىدا،
خەلق ئىلگىرىلەر ئىدى يولىدا!

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھېچكىم كۆتۈرۈلۈپ بولالماس رەھبەر،
ئەگەر ئۇ بولمىسا رائىيەتپەرۋەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىمدە كەم ئادەملىك ھەمدە ئىدراك - پەم،
ئۆلۈك مىسالىدۇر تىرىكلىكتە ھەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شۇنداق ياشىغىنكى، جىسمى پاكىڭدىن.
قايتىدىن ياراتقاي سېنى خاكىڭدىن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۇنى ئالىم دېمە، بولسا ئۇ بەتخۇلۇق.
ھىيلە بىلەن خەلقتىن توپلىسا مال - مۈلۈك.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

## خەلققە مېھرىبانلىق

خەلقىڭگە ھەممىشە مېھرىبان بولغىن،
ياخشىلىققا تىرىش ۋە ئامان بولغىن.

— ناسىر خىسراۋ

سەن ئادەمدىن بولغان پەيدا، بولغىن ئادەم،
جىن بولۇشتىن نېمە پايدا، بولغىن ئادەم.

— ناسىر خىسراۋ

خەلقىمگە پايدام تەگمىسە قايسى كۈنى،
ئۆمرۈم ھېسابىغا قوشالمايمەن ئۇنى.

— مەسئۇد سەئىد سالمان

خەلق خىزمىتىگە ياراشقا ئىنتىل،
خۇلقىڭ بىلەن بۇ جاھاننى ساز قىل.

— نىزامى گەنجەۋى

دۇنيادا ساناقسىز تۈرلۈك ھايۋان بار،
ئىنسانلار دەردىدىن ئەمەس خەۋەردار.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئۆزگىنى يېيىشتىن كىمكى بولسا شاد،
ئۇنى بۆرە دېگىن، دېمە ئادەمزات.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمكى ئۆز ئۆلۈمىنى دىلدا ئەتسە ياد،
ئۆزگە ئۆلۈمىدىن قانداق بولغاي شاد؟

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئەقەللىي بىر مۈشۈككە بولساڭ مېھرىبان،
دېمەك، سالامەتتۇر سەندىكى ئىمان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ساغلام بىلمەيدۇ بىمار ھالىنى،
ئۇخلىغان نە بىلسۇن بىدار ھالىنى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

پۈتۈن ئىلمى بىلەن خەلقىگە غەمداش،
كىمشىگە ئەقلۇ ئىدراك يار ـ يۆلەكداش.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كەلگەن كىشى ئەگەر يەتتىمۇ يا بىر،
بەرسەڭ ـ بەرمىسەڭمۇ كېتىدۇ ئاخىر.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

ئەگەر زاتىڭ چەكتىن ئاشقاندىمۇ بەك،
كەمبەغەلپەرۋەر بول ياكى دەرۋىشتەك.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

قۇرۇق بولما، كۆپكۆك شاختەك بول دىلكەش،
ئۆلنى بىل، تۇتاشماس ھەرگىز ئوت ـ ئاتەش.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

ئۇ دىۋە، ئەمەستۇر ئەسلا ئادەمزات،
ئۆزگىلەر غېمىدىن ئەگەر بولسا شاد.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

لالەيۇ ـ سەرۋىنىڭ يۈكسەك قىممىتى،
خارۇ خەس ئوت ـ چۆپنىڭ باردۇر خىزمىتى.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

گۆھەرگە ئېرىشسەڭ، ئالدىراپ كېتىپ ـــ
ئەينەك مونچاقلارنى تاشلىما چىچىپ.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

## مەردلىك

ئۆز نەپسىنى مەغلۇپ قىلالىغان مەردتۇر،
غەيۋەتلەردىن يىراق بولالىغان مەردتۇر.

— ئەبۇ ئابدۇللا روداكى

ئۆز نەپسىڭگە بولساڭ ئەمىر، مەردسەن سەن،
كور ۋە گاسنى قىلما تەھقىر، مەردسەن سەن.
مەرد تېپىپ ئۆتمەيدۇ يىقىلغانلارنى،
ئۇلار قولىنى تۇتقىن بىر - بىر، مەردسەن سەن.

— ئەبۇ ئابدۇللا روداكى

ئۆزۈڭگە كۆرمىسەڭ راۋا، باشقىغا ھەم بەرمە ئازار،
بۇنى بەكمۇ ياخشى ئېيتتى خوجىسىغا بىر خىزمەتكار.

— ئەبۇ ئابدۇللا روداكى

كىشى دەردىگە كىم ھەمدەرد ئەمەسدۇر،
كىشى نەزەرىدە ئۇ مەرد ئەمەسدۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىم بولمىسا ئۆزىدىن ئاگاھ گاھى - گاھ،
ئۆزگىلەردىن قاچان بولۇپتۇ ئاگاھ؟

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئەڭ ياخشى ئادەم كىم؟ دەپ سورىدىڭ سەن،
مەن ئېيتاي: كىم بولار ئەڭ ياخشى ئادەم؟
ئەڭ ياخشى ئادەم شۇ —- ئۇندىن خەلقىغە
قانداقتۇر نەپ تېگەر ھەر كۈنى - ھەر دەم.

— ئابدۇراخمان جامى

شۇنداق ياشىغىنكى، سەن ئۆلگەندىمۇ،
ئۆمىدىڭ ئۆزۈلمىسۇن، بار بولسۇن مەڭگۈ.

— بەردىدىن ھىلالى

خەلقتىن يۈز ئۆرۈگىن يا ئۇنى ئويلا دائىما،
بۇ تاماشا ئالەمدە ئۆرۈگە قويما بىنا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

هوشيارلىقتىن دائىم كېلەر شىجائەت،
يۈرەكلىك ماختاشقا لايىقتۇر ئەلبەت.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

مەردلىك ئەمەس چەكسىز، جاھىل ھاياجان،
يەرگە يىقىلغاننى تەپمەك بەك ئاسان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

دۈچ كەلسە قايتۇرالماسلىق بالا ـ قازا،
يۈزمۇ يۈز تۇر دۈمبەڭنى كۆرسەتمە ئەسلا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

سىپاھىنىڭ جېنى تاتلىق بولسا گەر،
ئۇندا شان ئەمەس، رەسۋالىق كۆپىيەر.

— ئەسەدىي تۇسىي

ئالەمنى بىلگەنلەر دېيىشەر ھامان،
ئۇرۇش تاشقىرىدىن كۆرۈشكە ئاسان.

— يەخرىددىن گۇرگانىي

بىرىنچىلىك شۆھرىتى شىر ئاغزىدا بولسا گەر،
شىر ئاغزىدىن ئىزدىگىن، مەيلى، بولسىمۇ خەتەر.
يا نەسىۋەڭ ئۇلۇغلۇق ئىززەت ـ ئىكرام، شان بولار،
يا تىنىك كەلگەن ئۆلۈمگە يۈزمۇ يۈز تۇر، بۇرادەر.

— خەتزاله بارغىسى

هوشيار، مەرد كىشىگە جاھان تار بولماس،
تۈلكە ئاۋازىدىن ھېيىقماس يولۋاس.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەلچى ـ باتۇر، پالۋان بولۇشى لازىم،
دادىل سۆز، بىلىمدان بولۇشى لازىم.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بىلمەمسەن، كىمكى بۇزدى ئەھد ـ پەيمان،
بۇ توپتا تاپمىدى يا شەۋكەت، يا شان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمگى دۈشمەنگە كۆرسەتسە تەۋان،
ھاياتىدا ئۆتەر قاششاق، ناتىۋان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

جەڭدە ئۆز بېشىدىن غەم يېگەن ئىنسان،
ئۆزگە باشنى قولغا كىرگۈزگەن قاچان؟!

— خىسراۋ دېھلەۋي

دادىل، مەرد بولماق ئاسان ئىش ئەمەس،
شىرنىڭ يۈزىگە تىك قارىماق تەس.

— خوسراۋ دېھلەۋي

دېمە مىڭنى جەڭدە قىرىپ تاشلايمەن،
قېنى بىرىگە جان بەرچۇ، مەرد دەي مەن.

— خوسراۋ دېھلەۋي

لەشكەرنىڭ ھەممىسى بولالماس باتۇر،
دەشتە شىر، بۆرە ھەم قاشقىر باردۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋي

يىگنە چىقىرار تاپاندىن تىكەن،
جەڭگە كىرىشىدۇ ئۆز پۇشتى بىلەن.

— خوسراۋ دېھلەۋي

نامەرد ئۆلەر خەزىنىدە بوپ نابۇت،
مەرد چىقىرار ئاددي تاشتىنمۇ ياقۇت.

— خوسراۋ دېھلەۋي

كىمكى دۇچ كەلگەندە خەۋپ ۋە خەتەر،
تەپ تارتمىسا، شۇ جاھاندا مۇئەتتەبەر.

— پەرىدىددىن ئەتتار

بولمايدۇ چاپلاشقا تەنگە ئىگىلنى،
ئۆگەنگىن مەردلەردىن ئەدەب - ئەقىلنى.

— پەرىدىددىن ئەتتار

باشقىلارنىڭ ئاغزىنى كەلسە قولۇڭدىن قىل شېرىن،
مۇشت ئۇرۇشنى ئاغزىغا سەن ئەسلا مەردلىك دېمىگىن.

— سەئدىي شېرازىي

جەڭ مەھەللى ئۇ ئەگەر كۆرسەتسە ياۋغا ئارقىسىنى،
تۆزىنى ئەمەس، ئۆلتۈرەر باتۇرلارنىڭ قانچىسىنى.

— سەئدىي شېرازىي

بەتنام ياشىغاندىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل،
مەقسەتكە يەتمەستىن يەپ كەتسە ئەجەل.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تېۋىپ قولى تىترىسە تىغ ئۇرار زامان،
ئۇنداق تېۋىپ قان ئورنىغا ئالار جان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

تۆپتۈز يولدا تىترىسە دارۋاز ئايىغى،
نېمە بولار ھالى دارغا چىققان چېغى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

مەرد ھەممە ۋاقىت ئىش بېشىدا باردۇر،
نامەرد كىشى خىجالەت ۋە خاردۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

غەيرەتلىك بولساڭ، ساھىبى دەردسەن،
بى غەيرەت بولساڭ، ئۇندا، نامەرد سەن،

— ئۇبەيد زاكۇنى

كۆپلەر مالنى بېرىپ مەردلىك قىلىدۇ،
مەردلەر جاننى بېرىپ مەردلىك قىلىدۇ.

— ئابدۇراخمان جامى

ھەر نېمە كىرسە مەرد كىشىنىڭ قولىغا،
چاچار دوستلار ئايىقىغا ھەممىسىنى.

خەسكە چۈشكەن ئاتەشنىڭ تېزلىكىگە قارىما،
تېز يېنىپ، تېز ئۆچىدۇ، ئۇنى ئوت دەپ سانىما.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مۇرادسىز ھايات پەستۇر ئۆلۈمدىن ھەم،
مۇراد ھاسىل بولغاچ ئۆلۈمدىن نە غەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەگەر قانخور ياۋ بىلەن قىلىشساڭ جەڭ،
راۋادۇر قانچە كۆپ قېنىنى تۆكسەڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شەھەر باشقۇرغۇچى بولسا مەرد ئادەم،
ھەر كىشىگە يېتەر ئارامبەخش دەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مۇمكىنمۇ چىۋىننى قىلىچتا چاپماق،
شىر قانداق پاشىغا ئۇرسۇن شاپىلاق؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھۆۋلاش بىلەن تۈلكىدىن جىقمايدۇ قاپلان،
غۇرۇر ئەپسۇنى چۆچەكتەك ئۇرايدۇ ئاسان.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دۇنيا مۇشەققىتى مەرد ھىممىتىدىن بولىدۇ راھەت،
يۈك كۆتۈرمەكچى بولساڭ، بىلىڭنى چىڭ باغلا غايەت.

— ئابدۇقادىر بېدىل

يولۋاس بىلەن شىرنى يەڭگەن مەرد كىشى،
بويۇن ئېگىپ تۇرسا، بۇ ھايا ئىشى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئۆزى ئۆلسە، دۈشمەنلىرى بۆلۈشىدۇ
خەسىسلەرنىڭ يىغىپ - تەرگەن نەرسىسىنى.

— ئابدۇراخمان جامي

مەرد كىشى سۆز لۇتپى، خىتابى بىلەن،
زالىمنى يولىدىن ياندۇرالىسا ياخشى.
ھىممەتنى ئۇنتۇغان بىخىللىنى بولسا،
ساخاۋەت يولىغا بۇرالىسا ياخشى.

— ئابدۇراخمان جامي

دادىل بولغىن، دادىلغا مەردۇ - مەيدان،
دادىل تۈلكە — مىسالى شىرى غەرران.

— بەدرىددىن ھىلالي

دادىل بول، قەھرىمانلىق ئەرگە زىننەت،
پىدا بول، سەرگەردانلىق ئەرگە زىننەت.

— ئابدۇقادىر بىدىل

بۇرۇت تولغاش مۈشۈككە خاس قەدىمكى ھالدۇر،
ساقال قويۇش ئەرلىك دىگەن ئۆچكە مىسالدۇر.

— ئابدۇقادىر بىدىل

باغلانسۇن قېرىلىققا ھۆرمەت كەمىرى،
قېرىغاندا بولارسەن قېرىلار سەرۋەرى.

— ناسىر خىسراۋ

دىلىڭ ھېچ بولمىسۇن غەمكىن. غەش ـ خىرە،
گۇناھدىن ۋۇجۇدۇڭ پاك تۇت، ھەممىشە.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئەگەر سەن ئۇلتۇرساڭ بىكار ھەرقاچان،
ئىشىڭنىڭ چىرايلىق بولۇشى گۇمان.

— پەرىدىددىن ئەتتار

قېرىلارنى ئەزىزلەپ قىلساڭ ھۆرمەت،
سېنىمۇ قېرىغاچ قىلىشار ئىززەت.

— پەرىدىددىن ئەتتار

قېرىلاردىن ئىزدىمە جۇشقۇنلۇق ھەۋەس،
ياشلىق ئۆتمۈش، ئاقار سۇ ئارتقا يانماس، بەس.

— سەئدىي شىرازىي

قەترە ئادەم سۈرىتىگە كىرىدۇ پۈتۈن،
قىرىق كۈن ئانا قارنىدا تاپسا ئارامنى.

## چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت

سەرۋىدەك تىك بولسىمۇ بوۋايدىكى قەد،
ياش قىلىقىنى قىلسا تېپىلمىسىز. بەك سەت.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ئىنسان بىلمەس قېرىماي ھايات خەتەرىنى،
قۇش بىلمەيدۇ چارچىماي قانات خەتەرىنى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

بار ئىكەن ياشلىق ۋە ساقلىق مۇسەپپا ①،
ھەر مەقسەت نۇقتىسى قولدا مۇھەييا.

— ناسىر خىسراۋ

تۇتقىن قېرىلارنىڭ تىترىگەن قولىنى،
قېرىغاندا بىلەرسەن قېرىلىق يولىنى.

— ناسىر خىسراۋ

---

① ساپ

گۈلچېھرە ۋە مەيدۇر ياشلىق زامانى،
بۇلارسىز ئۆتمىسۇن ھايات دەۋرانى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

دەۋانىلىقتىن كۆپ ياشلىقتا ئەسەر،
ياش سۆپەت قېرىلار ساراڭدىن بەتتەر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئەينەكتىن ھەممىنى كۆرەر نەۋقىران،
كېسەكتىن كۆرىدۇ قېرى بىلىمدان.

— ئۇبەيد زاكونى

قېرىلار ھۈنەرگە بولسىمۇ گەر باي،
ئەمما ھەر بىر ياشتا باشقىچە چىراي.

— ئابدۇراخمان جامى

ئەي پەستلىك تونىنى كىيگەن ئادەمزات،
قورقۇمەنكى، نامىڭ كېتەر بۇلغىنىپ.
كىچىكلەر بىلەن سەن بولما ئەپسۇنكار،
ئۇلۇغلۇق نامىڭنى كېتەر سۇندۇرۇپ.

— ئابدۇراخمان جامى

ئەگەر قىرىق ياشلىقىڭغىچە بولمىسا ئەقلى،
ئاڭا بېرىشكە بولمايدۇ ئىنسانلىق نامنى.

— سەئدىي شىرازىي

بەزمە كۈنى ياشلار سېپىدا كۈيلە،
ئەمما ئىش تەدبىرىنى قېرىدىن ئىزدە.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ياش ھەرقانچە بولسۇن ئىشتا غەيرەتلىك،
كۆپنى كۆرگەن قېرىنىڭ ئىشى ئىبرەتلىك.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گۈلچىگە يېقىملىق بوستان - گۈلزار،
ئوتتۇنچى كۆڭلىنى خۇش قىلار تىكەنزار.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

قىلماقچى بولساڭ ئۇلۇغلۇقنا جەڭ،
كىچىكلەر ھالىنى قىلمىغىن تەڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

قىرلىق تەرسىمۇ يوق بىر نەرسىنى،
ھوسۇلى بىر تۇتام ئاق ساقال پەقەت.
يانغان ئۇت ئۆچمەيدۇ كۆل قالدۇرماستىن،
كۆپۈكسىز بولامدۇ قايناپ تۇرغان دەرد؟

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئاق چاچنى قارا رەڭگە بوياش بىلەن بىر ئەخمەق،
قىرىغاندا ياشلىقنىڭ ئارزۇسىنى قىلسا دەك:
شىكارغا دۆلەت قۇشى چىققان دانا بولسۇ،
بولالماس ئاق قارچىغا بىلەن قارا قاغا تەڭ.

— ئابدۇراخمان جامىي

چاچ ئاقارغاچ قويدۇم دىلىم غىژ - غىژىنى،
يەرگە ئۇردۇم ھاۋايى - ھەۋەس تەشۋىشنى.
شام روناق تاپمايدۇ ئاتقان چاغدا تاڭ،
پىلىك تارتار بۇندا ئوتنىڭ ئۆچىنى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

قىرىلىقتا خالى بىر بولۇك تاپ دىلغا، بېدىل،
دەريا ئەمدى لېيىدى، قېنى تېپىپ چىق ساھىل،
مانا ئاپئاق چاچلاردا كېيەن ئىنكاسى بار،
يولدا كۆزۈڭيۇمماستىن ئۆز مەنزىلىڭ تېپىشنى بىل.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ھەممە ئىستىكىڭنى بەرسە گەر تەقۋا،
قۇرۇق تەك بەرگىدىن قايناپتى سەھبا ①،
بوش خىيالدىن پۈتسە كىشى روزىغارى،
قارغا تۇخۇمىدىن چىقاتتى ئەنقا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

---

① ۋىنو، قىزىل شاراب.

قولنى قولغا بېرىپ بولمىساق ھەمدەم،
شادلىق ئايىمىدىن پەشۋا يېمەس غەم.

— ئۆمەر ھەييام

دوستلار ئىناقلىقنى قىلسىگىز ئادەت،
تېز - تېز دىدارلىشىپ، شاد بولۇڭ غايەت.

— ئۆمەر ھەييام

سودىن سۇ كۆچ ئېلىپ ئاققىنى زامان،
خارابە جايلارمۇ بولار گۈلىستان.

— ئەبۇلمەجد سەنايي

سۇ ئاقار ئىز بېسىپ ئۇلىنىپ تۇتاش،
دوستلارمۇ سۇدەك بىر - بىرىگە يولداش.

— ئەبۇلمەجد سەنايي

ئىككى يۈرەك قوشۇلغان زامان —
تاغلارنىمۇ قىلىدۇ تالقان.

— نىزامىي گەنجەۋىي

كىم ئەگەر دوستلار بىلەن يەكدىل بولار،
ھەممە مەقسىتى ئۇنىڭ ھاسىل بولار.

— پەرىدىددىن ئەتتار

## كوللېكتىپ

پاراكەندە لەشكەر يارىماس ئىشقا،
يۈز ئىناق ئەسكەر - تەگدۇر يۈزمىڭغا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

جاھان خەلقى بىر كۆچەتتۇر، بىر دەرەختۇر شاخلىغان،
ھېچقاچان ئەگمە كۆچەتنى، شاخىنى سۇندۇرمىغىن.

— ناسىر خىسراۋ

يۈز بارماق قىلالماس بىر باش ئىشنى.

— بەخرىددىن گۆرگانىي

ئىناق بولسا ئوتتا - يالقۇندا ئىنسان،
ئىناق كىشىلەرگە شۇ ئوتمۇ ئاسان.
ئىناقسىز كىشىلەر سۆھبىتىدىن قاچ،
ئىناقسىز سۆھبەتنى يامانىدىن - يامان.

— ئۆمەر ھەييام

تۆگە، خورمىزارغا قويسىلا قەدەم،
ئاغرى مەرە قىلار تىكەن يېسە ھەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تاۋۇس بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغاندا زاغ،
كەكلىك قەقىقەسىدىن ياڭراپ كەتتى باغ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئېتىماس خۇش - چاقچاق دوست ۋە يارسىز،
شادلىق، شادىلىق ئەمەس دوست دىدارسىز.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

جاھان قولغا كىرەر ئىتتىپاق بولساڭ.

— ھاپىز شېرازىي

ياخشىلىق - يامانلىق مولۇ كۆل بۇندا،
قىلمىشىڭ جامىدىن ئاگاھ بول بۇندا،
قولۇڭنى ئالار ئۇ، قولىنى ئالدىڭ،
بارچىنىڭ پايدىسى قولمۇ قول بۇندا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئەھدۇ پەيمان قىلسا دوستلار، ھېچبىر ياۋ قورقۇنچ ئەمەس،
شەرتى دوستلۇق شۇ ئېرۇر، پەيمانىنى بۇزمايدۇ يار.
ئايرىم - ئايرىم تۇرسا مىڭ قىل قۇۋۋىتى يوق ھېچ ئۇلىشقە
ئەشسە بىر ئاغامچىغا ئۇزەلمىگەي ئىسپەندىيار.

— سەئدى شىرازى

بەنى ئادەم ئەزاسى بىر بەدەندۇر،
ھەممىسى بىر ئۆزەك، بىر گۆھەردىندۇر.
تېنىڭدە بىر ئەزا گەر بولسا بىمار،
ھەممىسىدە قالماس سەبىر ھەم قارار.
ئۆزگىنىڭ غېمىنى يېمىسە تامام،
ئاڭا نالايىقتۇر ئىنسان دېگەن نام.

— سەئدى شىرازى

ياشلار يوپۇرۇلسا چوڭ پىلنى يېڭەر،
سالاپەتلىك پالۋان جاھىلنى يېڭەر.
چۈمۈلە بىرلەشسە ئىتتىپاقلىشىپ،
ئارسلان تېرىسىنى ئالىدۇ شىلىپ.

— سەئدى شىرازى

نېمىگە يارايدۇ ئاياغ - قولسىز باش؟

— خۇسراۋ دېھلەۋى

## دوست - يار

دۈشمەن بىر بولسىمۇ ئۇنى كۆپ بىلگىن،
دوستۇڭ مىڭ بولسىمۇ ئۇنى ئاز دېگىن.

— ئەبۇئابدۇللا روداكىي

جاھاننىڭ شادلىقى يىغىلسا پۈتۈن،
دوستلار دىدارىدىن بولالماس ئۈستۈن.
بولسىمۇ ئالەمدە نى ئازابلىق ئىش،
ئەڭ ئېغىر دانا دوستتىن ئايرىلىش.

— ئەبۇئابدۇللا روداكىي

ئىككى نەرسە دىلدىكى غەم ئاپىتى،
دوست دىدارى، دانا ئادەم سۆھبىتى.

— ئەبۇشوكۇر بەلخىي

سىنىماي بىرسىنى دوست تۇتساڭ،
زارلانما شۇ دوستتىن قان يۇتساڭ.

— ئەبۇشوكۇر بەلخىي

سەن رەت قىلغان كىچىك بۆلەك بىلەن ھەم
ھېسابلاشماي بولماس، لازىمدۇر ھەر دەم.
بىر تۇتام يۇڭ ئۇچار شامالدا ئاسان،
بىرلەشسە بولىدۇ تىكمەت يا گىلەم.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىتتىپاق كۈچىدىن غاپىل بولما ھېچ،
تاشنى تالقان قىلىدۇ بىرلىشىپ چىش.

— ئابدۇقادىر بېدىل

زېرەكلەر بىلەن زىندان ـ گۈلىستان،
نائەھـل قىلار گۈلزارنى زىندان.

— ناسىر خىسراۋ

ئاقىلدىن دۈشمەنلىك بولمايدۇ پەيدا،
غاپىلچۇ، دوستلۇققا يارىماس ئەسلا.

— ناسىر خىسراۋ

سىنىماي بىرسىنى تۇتمىغىن ھەمراھ،
ئاڭلىغاندىن كۆرگەن باشقا، بول ئاگاھ.

— ناسىر خىسراۋ

دوست دوستتۇر ئەسلى قىلمىشى بىلەن،
دوست ئەمەس «دوستۇڭمەن» دېگىنى بىلەن.

— ناسىر خىسراۋ

دوست دىدارىنى كۆرۈش ـــ شادلىق داۋامى،
دوست بولمىسا نەدە يۈرەك ئارامى.

— ناسىر خىسراۋ

دوست تاپساڭ ئايرىلما پىدا قىلغىن جان،
دوست پېشىنى قولدىن چىقارما ئاسان.

— ناسىر خىسراۋ

گەر بىراۋ مېھرىنى بولساڭ قازانماق،
ياخشى - يامانلىقنى ئالدىن سىناپ باق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىككى دوست تۇرۇشسا ھەمدەم، يانمۇ يان،
تاغلارنىمۇ ئاسان قىلىدۇ تالقان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كۆڭۈل بەرمەستىن ئاۋۋال سىناپ باق،
تىكمۇ تىك تۇرالماس ئايىغى چولاق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

دوستلار بىلەن مەسلىھەتتە بول، جان،
ئەغيارلدىن تۆت سىرىڭنى پىنھان.

— ناسىر خىسراۋ

مۇناپىق دوستلۇقتا ئەمەس مۇۋاپىق،
مۇناپىقنى مۇناپىق بىل، مۇناپىق.

— ناسىر خىسراۋ

يۈز ئارەت سىنىساڭ ھەم سىنىمىساڭ، پەس،
بۆرە ئاشنالىققا ئەسلا باب كەلمەس.

— ناسىر خىسراۋ

مۇناپىقا ھەمراھ بولسا ھەر ئىنسان،
ئاخىرىدا جايى بولىدۇ زىندان.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئىككى كىشىدىن سىر يوشۇرما زىنھار،
بىرى — ياخشى تېۋىپ، بىرى — سادىق يار.

— پەرىدىددىن ئەتتار

كىم غەملىك كۈندە يار ۋە مۇڭدىشىڭ بولار،
شادلىق كۈنلىرىدە يەنە يولدىشىڭ بولار.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئەبلەخ دوست دۈشمەندىن يامانىدۇر يامان،
نېمە ھىيلىنى بىلسە ئىشلىتەر ئاسان.

—جالالىدىن رومى

دوستلۇق ساداقەتكە بىلىگىنى باغلا،
تەنە ـ مالامەتتىن تىلىگىنى باغلا.

— سەئدى شىرازى

بۇ بوستاندا دوستلار بولمىسا يۈلەك،
نىسىپ بولماس مەقسەت گۈلىنى تەرمەك.

— سەئدى شىرازى

ۋاپادا ئوخشىما بۇلبۇلغا ئەسلا،
ھەرئان ئۇ ئۆزگە گۈل بېشىدا شەيدا!

— ناسىر خىسراۋ

ئادەمگە ساغلام ئىش — دوستلۇق قىلىشتۇر،
ۋاپا كۆرسەتمەك ئەسلى كاتتا ئىشتۇر.

— ناسىر خىسراۋ

بىگانە باغرىڭدۇر گەر ۋاپا قىلسا،
بىگانىدۇر ئۆز پۇشتۇڭ گەر جاپا قىلسا.
زەھەرمۇ ياقىغا شىپا بولىدۇ،
بال - زەھەر، جانىڭغا گەر بالا قىلسا.

— ئۆمەر ھەييام

دوستلۇققا يارىماس نادان ئۆلپىتى،
بۇنداق دوستلۇق بولار جاننىڭ ئاپىتى.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

دوستۇم قالسۇن دېسەڭ مەڭگۇ دوست بولۇپ،
سۆزلىگىن مىجەز - ئادىتىنى ئۇقۇپ.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

زەۋقى جاھاندىن يىراق،
دوستتىن ئايرىلىپ ياشىماق.

— سەئدى شىرازى

پىيادىدىن بولماس ئاتلىق خەۋىرى،
ئۇ ئاستا ماڭار، پىيادە چېپىپ.

— سەئدى شىرازى

تېز تۈگمەيدۇ قەدىناس ئاشنالار قۇرغان سۆھبەت،
سۆنى گەر مىڭ پارە قىلساڭ ھەم قوشۇلغاي ئاقىۋەت.

— سەئدى شىرازى

ئاقسىمۇ مىڭ تۈرلۈك مېۋە، نازۇ نېمەت شەربىتى،
پايدىدا ئەۋزەلدۇر ئۇنىڭدىن دوستلار سۆھبىتى.

— سەئدى شىرازى

گەر دۈشمەن نەقەدەر بولسا ھەمكى دوست،
دوستلار ھېسابىغا قوشمايدۇ ئاقىل.

— سەئدى شىرازى

ئېلىشقا بىرمۇ بىر دوستۇڭ كۆڭلىنى،
ساتساڭمۇ ئەرزىيدۇ ئاتاڭ بېغىنى.

---

— سەئدى شىرازى

كىمكى ئۆز ئەھلىگە ئەمەس ۋاپادار،
ئۇ نە دانىشمەن، نە دوستقا پىداكار.

— سەئدىي شىرازىي

دوست دىمە گەر نازۇ نىمەت ئۈستىدە،
ئۇرسا لاپ: «دوستۇمسەن. ئەزىز مىھرىبان.»
دوست شۇدۇر — دەستىغا سوزار قولىنى —
دوستى بولغىنىدا نامرات، ناتىۋان.

— سەئدىي شىرازىي

دوستۇڭ بولسا دۈشمەن بىلەن بەك يېقىن،
ئۇندىن قول ئۈزۈشنى ئەقىللىق دېگىن.

— سەئدىي شىرازىي

دوست ئالدىدا بەندىتە تۇرسىمۇ ئاياغ،
يات بىلەن گۈل سەيلىسىدىن ياخشىراق.

— سەئدىي شىرازىي

دوستىسىز ئۆتمەك ۋەتەندە،
مىسلى مۇردا كېپەندە.

— سەئدىي شىرازىي

رىند ① بىلەن پارسا ② ئۇلتۇرغان ماكان.
پارساغا بولار مىسالى زىندان.

— سەئدىي شىرازىي

تىللا، كۈمۈش چىقسىمۇ تاشتىن ھەرقاچان
ھەممە تاشتا ئالتۇن بولۇشى گۇمان.

— سەئدىي شىرازىي

كەھبە يوپۇقىنى سۆيۈشىدىكەن،
بىپەك قۇرت شۇ بىلەن بولمىدى ئۇلۇغ.
بىر نەچچە كۈن بولدى ئەزىز ئۈستىدە،
شۇنىڭ بىلەن بولدى ئۆزىمۇ قۇتلۇق.

— سەئدىي شىرازىي

زاغ بىلەن بىر بولسا بۇلبۇل قەپىزى،
نى ئەجەب ئىچىگە چۈشسە نەپسى؟

— سەئدىي شىرازىي

نادان قاتىرىغا چۈشسەن ئۆزۈڭ،
ئەگەر بولساڭ نادان ئۈلپەتكە ھەمدەم
دانادىن بىر پەند - نەسىھەت سورىدىم

① بىپەرۋا، بولۇمسىز.
② يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى.

ياخشى دوست ئەيىبىڭنى مىسالى ئەينەك
يۈزمۇ يۈز ئۆزۈڭگە ئوچۇق ئېيتىدۇ.
يامىنى تارغاقتەك مىڭ تىلى بىلەن،
چاچتىن - چاچقا ئىبغۋا تىزىپ ئۆتىدۇ.

— سەئدىي شىرازىي

ئەيىبىمنى ھۈنەر دەپ بىلسە دوست - يار،
دوستلۇق نىمە دەر، چۈشەنمەس زىنھار.
نالايىق ئىشىم ئېشىپ، بۇ دوستلۇق —
ھەددىدىن ئۆتۈپ، بولارمەن ئەغيار①.

— سەئدىي شىرازىي

يار شۇدۇر كۆنسە گەر يار جاپاسىغا،
ئارزۇسىنى كۆندۈرسە يار رىزاسىغا.

— سەئدىي شىرازىي

دانا دۈشمەن ئۇچۇرار كۆككە ھامان،
يەرگە ئۇرار سېنى دوست بولسا نادان.

— سەئدىي شىرازىي

① ئۆزگە، باشقا، يات.

مايىل قىل، بولسا ۋاپالىق جان ساڭا،
جان بىلەن بولسا بالا گەردان ساڭا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ۋاپا ھىدى كەلگەن ھەر ئاشناغا،
دېگىن: «يۈز ئاپىرىن، يەت مۇددىئاغا!»

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يا بىھۇدە كەتسۇن يوقۇ بارىمىز،
يا مۇرادقا يەتسۇن دوست ۋە يارىمىز.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شۇندانى يار ئەتكىن ساڭا جان قوشسۇن،
ھەر نەپەس ئۆمرى ئەبەدىي بولسۇن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەگەر شىلىسا ئۆز تېنىدىن پوست،
ئۆزگىلەرگە قاچان ئۇ بولىدۇ دوست؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تا قەدەم قويمىساڭ دەستىيارلىققا،
ھېچكىم كەلمەس ساڭا دوستۇ يارلىققا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دېدىكى: «نادانغا قوشۇلما ھېچ ھەم.»
ئەگەر دانا بولساڭ ئەخمەق بولمىسەن،
بولسا نادانلىقىڭ ئاشار يەنە ھەم.

— سەئدىي شىرازىي

يولۇڭدا ئازگالنى كۆرسەتكەن ئىنسان،
نەزەرىمدە ھەقىقىي دوستۇڭ، بىگۇمان.

— سەئدىي شىرازىي

چىقسا جاڭجال ئىككى دوستتىن بىرسى يول قويسا ئەگەر،
ھېچ ئۈزۈلمەس بۇ سۈپەت دوستلۇق يىپى تارتىلغان ئان.
ئىككى - ئۈچتىن كۈچ بىلەن تارتسا ئاغامچا ئۈزۈلەر،
بوش قويۇپ بەرسەڭ ئۈزۈلمەس بىر تەرەپنى ھېچقاچان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

غەم ۋە شادلىقتا يار بولسا باراۋەر،
ئۇنى چىن دوست ئەيلىگىن، ئەي بۇرادەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شادلىقتا دوست بولسا، غەم كۈنى دۈشمەن،
ئۇنداقنى دوست دېمە، دۈشمەن دېگىن سەن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دوستلىرىڭ كۆپىيەر پاراۋانلىقتا،
ئۇلارنى ساناپ باق ناتىۋانلىقتا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاپتاپ ئاي شولىسىغا ئەمەس مېھمان،
ئوت بىلەن سۇ كېلىشەلمەس ھېچقاچان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بىللە بولسا شادلىقتا ـ غەمدە،
پەقەت شۇنى دوست تۇت ئالەمدە.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھەر يارۇ دوست ئەمەس ۋاپادار،
بەلكى، ياردىن يارنىڭ پەرقى بار.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مىڭ جان بولسا پىدا ئۇ ئاشناغا،
دىلى مايىل بولسا ئەھلى ۋاپاغا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ياخشىلىقى بىلەن دوستدۇر دوستلىرىڭ،
يامان بولسا ياۋدىن نە پەرقى ئۇنىڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

جان سىنەڭدىن ئۆتمىسە يارىڭ،
تاپشۇرما ئىشتا سەن يوقۇ بارىڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يۈز دوست تېپىلار ئاش بولسا تەييار،
ئىش جانغا يەتكەندە قايسىبىرسى بار؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يار ئىززەت - ھۆرمىتىنى كۆرمىگەن ئادەم،
ئاجرىتالماس ئىززەت - خورلۇق پەرقىنى ھەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بۇ دۇنيادا ئۆمرۈڭ بەش كۈنگە ئاۋات،
ياخشىسى بول دائىم دوستلار بىلەن شاد.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بۇ كەڭ ئالەم دوستۇ يارەن بىلەن خۇش،
باغۇ بوستان، گۈلۈ رەيھان بىلەن خۇش.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بىرسى سۇ، كۆكاتتىن ئالار خۇش نەپەس،
بىزگە دوست دىدارى نېسىپ بولسا، بەس.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بېھىش بېغى ھۆرۇ غىلمان بولسا ھەم،
دوست كوچىسى تۇپرىقىغا تېگىشمەيمەن.

— ھاپىز شېرازىي

دوستۇم مېنى سىر ياماققا ئالمىغان بىلەن،
دوستۇمنىڭ بىر چېچىنى ئالەمگىمۇ ساتمايمەن.

— ھاپىز شېرازىي

يوق زادى نالىشىم بىگانىلاردىن،
نە كەلسە باشقا كەلدى ئاشنادىن.

— ھاپىز شېرازىي

خۇددى گۆھەر دوست ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆز.

— ھاپىز شېرازىي

مۇراد گۈلى ئېچىلار دوست دىدارىدىن،
دۈشمەن بېشى ئايلانسۇن دوستۇم خارىدىن①.

— ھاپىز شېرازىي

① تىكەن.

شۇنداق كىشىلەردىن ئىزدىگىنكى دوست،
دۇنيادا ئەبەدىي قالسۇن ئۇ دوستلۇق.

— خوسراۋ دىھلەۋىي

كىم ئەيىبىڭنى ئېيتسا، ئۇ دوستۇڭ ئايان،
كىم يوشۇرۇپ يۈرسە، زەھەرلىك يىلان.

— رۇكنىددىن ئەۋھادىي

ھەر كىمكى ۋاپا ئۇرۇقىنى ئۆستۈرمىدى، بىل،
ئورما چېغى كەھرىۋا يۈز بولىدۇ ھاسىل.

— ھاپىز شىرازىي

زەۋقى جاھاندىن يىراق — دوستتىن ئايرىم ياشىماق،
دوستتىن ئايرىم ياشىماق — زەۋقى جاھاندىن يىراق.

— ھاپىز شىرازىي

جاندىن كېچىش ئاسان ۋە لېكىن،
جان دوستتىن كەچمەكلىك قىيىن.

— ھاپىز شىرازىي

دوستلۇقتىن باشقا بىر مەقسىتى بولسا،
ئالەمدە بارمۇ ھېچ بۇنداق رەزالەت؟

— ئابدۇراخمان جامى

ئۆزۈڭدىن پەس بىلەن بولما ھەمسۆھبەت،
ئاقىللار يىغمايدۇ ئەقلى پەس سۆزنى.
ئەقلى پۈتۈنگىمۇ كۆپ يېپىشمىغىن،
ئۇمۇ يۈكسەكرەككە تىكىدۇ كۆزنى.

— ئابدۇراخمان جامى

ھەر جاپاكى ساڭا يەتسە ئالەمدىن،
يەتمىگەي داتونۇش ۋە يات ئادەمدىن.
دەۋاگەر بولمىدۇ ئىككى دوست، تونۇش،
ياتلار ئارا ھېچ قوزغالماس بۇ ئىش.

— ئابدۇراخمان جامى

سۈرتسەڭ ئەينەكتىن چاڭنى ھەر نۆۋەت،
روشەنرەك كۆرۈنەر ئەينەكتە سۈرەت.

— ئابدۇراخمان جامى

زېرەك، ھوشيار بولسا گەر ئىككى دىل،
شۇنى ئىتتىپاقلىق ئاساسى دەپ بىل.

چىن دوست ئۇ ــ دوستلۇقى ئاشۇۋەرسە گەر
دوستىدىن يامانلىق كۆرگىنىدە ھەم.
بېشىغا مىڭ جاپا تاشلىرى ياغسا،
مېھىر ئۆيى ئۇ تاشتىن بولار مۇستەھكەم.

ــ ئابدۇراخمان جامىي

ھەقىقىي دوستقا جېنىڭنى پىدا قىل،
ۋە لېكىن دوست ۋە دۈشمەن پەرقىنى بىل.

ــ ئابدۇراخمان جامىي

بىرىپسەن ۋەدە، ئەلۋەتتە ۋاپا قىل،
ۋاپاسىزلىقنى قەلبىڭدىن جۇدا قىل.

ــ ئابدۇراخمان جامىي

دىل، ئەگەر ناۋادا غەمگە يولۇقساڭ،
غەمخور دوستۇڭ بولسا، ئۇ غەم ئەمەستۇر.
قارا كۈنۈڭ ئۈچۈن دوستلىرىڭ كېرەك،
راھەت كۈندە دوستلار ھېچ كەم ئەمەستۇر.

ــ ئابدۇراخمان جامىي

دوست ھىجرىدىن ئاشىق كۆتەر ئادالەت،
يا ۋەسل ئىشىكىدە تۇرار بىر ھالەت.

كىشى گەر دوستىدىن بولغاي يىراق، بىل،
ۋاپادا ئۆندىن ئىت كۆپ ياخشىراق، بىل.

— بەدرىددىن ھىلالىي

بۇ خارابىلىقتا ئىستىسەڭ راھەت،
دوستقا قوشۇلۇپ تاپ دىلغا ھالاۋەت.
تاكى سىر - بىرىدىن كىرپىكلەر جۇدا،
ئۈيقۈسىز كۆزلەردە ئىرتىراپ، ھەيرەت.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دوستلۇقتۇر ئىتتىپاق بولۇپ يىغىلىش،
بىر - بىرىدىن ئايرىلماي سايىدەك يۈرۈش.
بۇ ۋاپا بەرمىسە شۇنداق دوستتىن كەچ،
كىيىن كېلىپ، ئالدىن كەتسە مىسلى چىش.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دوستسىلەن ھايات — راھەت، تەنھا ياشىماق — ئاتەش،
گۈلخانىغا چۈشەر شاخلار ئايرىلسا دەرىخىدىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئەمما ئىتىبارنىڭ كۆزلىرىگە باق،
مىڭ جاھىلنىڭ يولى بىر بولماس ھېچ ۋاق.

— ئابدۇراخمان جامىي

كىم ئەگەر دوستلۇقتا بىلمىسە ۋاپا،
دۈشمەنلىكتىنمۇ ئۇ يانمايدۇ ئەسلا.

— ئابدۇراخمان جامىي

ھەر كىم بىلەن ئاشنالىق ئىزدىمە،
ھەر ئاشنادىن رۇشنالىق ئىزدىمە.

— ئابدۇراخمان جامىي

دوستلار باھاردا ئىچسە مەي - شاراب،
مەن زوھرۇ توۋۋىدىن ئۇرسام ئەگەر لاپ.
ئالجىپ قالدى، دەپ مەي بېرىشمىسە،
دوستلۇق ئالەمىدە قالمىغاي ئىناپ.

— ئەلشىر ناۋايى

يامان دوست يامانلىق قىلار دائىما،
نە قىلسا ئۆز ئىشىنى بىلەر دائىما.
بولامدۇ يامانغا ياخشىلىق راۋا،
يامانغا يامانلىق بەجادۇر، بەجا.

— كامالىددىن بىنايى

بىراۋغا تىلىسە ھەركىم يامانلىق.
ئاقىۋەت ئۇ ئۆزى تاپماس ئامانلىق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

چۈمۈلە كۆڭلىنى كىمكى غەش قىلسا،
باغرى تاشتۇر ئۇنىڭ ئىچى قاپقارا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

بىلگىن ياخشى ئەمەس قان تۆكۈش ئەسلا
گۇناھسىزلارغا ھېچ كەلتۈرمە بالا!
سەۋەپسىز ئۇرۇش قىلسا قايسى ئىنسان،
رەڭگى زەپىرەك بولار باغرى قان.

ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

تىنچ پۈتەر ئىشقىمۇ جەڭ - ئۇرۇش ئاچقان -
ئادەمنىڭ ئەقلىنى دېمەك چاڭ باسقان.

— سەئدىي شىرازىي

پىلدەك چوڭ بولساڭ ۋە شىردەك ئۇرۇشقاق
نەزەرىمدە جەڭدىن سۈلھى ياخشىراق.

— سەئدىي شىرازىي

## تىنچلىق

ئىللىقلىق بىلەن تولسۇن روزىغارىڭ،
قوپاللىق بۇزمىغاي سەبرو قارارىڭ.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخىي

تىنچلىقتىن شادلىقنى قولغا كەلتۈرسەڭ —
ئاقىل كىشى ھەرگىز قوزغىمايدۇ جەڭ.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخىي

سۈلھى جەڭدىن ياخشىراق بولار بىگۇمان،
ھوشيار بول، كەتمىسۇن قولدىن مال ۋە جان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ھەركىمنىڭ ئۆز نامى، شان، ئارزۇسى بار،
جەڭدىن سۈلھىنىڭ مىڭبىر ئەۋزەللىكى بار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

لۈتسپ ئەتكەن كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىل.
قوپاللىق قىلسا چاچ كۆزىگە تۇپراق.
قوپال كىشىلەرگە يۇمشاق سۆزلىمە،
داد چىقمايدۇ ئىككى بولسا يۇمشاق.

— سەئدىي شىرازىي

ئۇرۇشنى ئاۋۋال باشلىغان دۈشمەن،
گۇناھكار ئۆزى، قىر ئۇنى جەزمەن.

— سەئدىي شىرازىي

سەن ئۆلتۈرمىسەڭ ياۋنى جەڭدە دادىل،
سېنى ئۆلتۈرەر ئۇ، بۇنى ياخشى بىل.

— سەئدىي شىرازىي

گەر يۇمشاقلىق بىلەن پۈتسە ئىش
تىزلىك يولىنى تاللىماق نېچۈن؟
غەرەز يۈرسە مەسلىھەت تامان،
ھېچكىم قىلماس ئۆز دىلىنى خۇن.
يىڭنە ئىشىنى قىلالماس شەمشەر،
ئۇ تىكىپ، بۇيرىتىقىنى ئۈچۈن.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

سۆلھ تىلىگەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرما،
سۆلھ ئىشىكنى قاققاندا، سەن جەڭ دەپ تۇرما.

— سەئدىي شىرازىي

گەر ئىش ئەقلۇ تەدبىر بىلەن بولسا دەل،
ئەپلەشكىن ياۋ بىلەن، جەڭدىن بۇ ئەۋزەل.

— سەئدىي شىرازىي

مۇبادا بولساڭمۇ قانچە زور پالۋان،
ئۇرۇشتىن ئەپ ئۆتتۈش ياخشى ھەرقاچان.

— سەئدىي شىرازىي

خۇش خۇي كىشىگە قاتتىق سۆز قىلما،
سۆلھ دەپ كەلسە، جەڭگە چاقىرما.

— سەئدىي شىرازىي

قولدىن كەلگەن ھەممە چارەڭ ئاقمىسا،
قولغا قىلىچ ئالساڭ بولىدۇ راۋا.

— سەئدىي شىرازىي

خۇسۇمەتكە كۆپ كۈچ سەرپ ئەتمە،
تىنچلىق يولىدىن قىلچىلىك كەچمە.

— ئابدۇراخمان جامى

نەدە قىلىچە زىتلىق كۆرسە ھەر كىشى،
شۇندا بولار ئالەم دۇستلۇق يىپى گۇم.
بىر تامچە سىركىدىن ئىچسىدۇ ھەممە،
ئەگەردە تازا سۈت بولسىمۇ يۈز خۇم①.

— ئابدۇقادىر بېدىل

① كوزا.

خاتىرجەم بولار پىقىر ۋە دەرۋىش،
پۇل بىلەن ئۇلغىيار خىيال، تەشۋىش.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تا دەرد يىقىتمىسا كۆزلىرىدە نەم،
ساغلاملىق قەدرىگە يېتەرمۇ ئادەم؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گەر بىر تۆگە يىقىلسا يۈك توشار كارۋانىدىن.
يۈكچىگە يۈكنىڭ غەمى ئارتۇق تۆگە جانىدىن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھەممىگە ئامانلىق تىلىگۈچى بول،
شۇندا ئاداۋەتكە قالمايدۇ ھېچ يول.

— ئابدۇراخمان جامىي

دوستۇڭ ئۇرۇش قىلىشقا تۈزسە پىلان،
ئۇ دوستتىن يىراق بول سەزگىنىڭ ھامان.

— ئابدۇراخمان جامىي

ياخشى بولساڭ ئەگەر، قالدى نامىڭ،
قولغا كىرەر بەختىڭ، ئۇستەك ۋە كامىڭ.
يامانلىق ئۇرۇيسەن تەرسەڭ يامانلىق،
بىرەر كۈن كۆرمەيسەن شادلىق، ئامانلىق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ياخشىلىقتىن شىئار كەلتۈرگىن،
گەر قىش كۆرسەڭ، باھار كەلتۈرگىن.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

قالمىغاي ھېچكىم جاھاندا پايىدار،
قالغۇسىدۇر ياخشى نامى يادىكار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بۇرادەر، بۇ دۇنيا ھېچكىمگە قالماس،
قالار ياخشى نامىڭ جاھاندا، شۇ بەس.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىشتىن ئاداشقانلار رەھبىرى بولغىن،
دائىم دىل كۆيگەنلەر دىلبىرى بولغىن.

— ناسىر خىسراۋ

## ياخشىلىق

ياخشىلىق ۋە سۈلھىگە تەلپۈنەر دانا،
جاھالەت، جاڭجالغا تەلپۈنەر نادان.

— ئەبۇئابدۇللا رۇداكىي

ياخشىلىقتىن كۆزۈڭ روشەندۇر،
ياخشىلىق بالادىن ساقلار قالقاندۇر.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخىي

كەل، جاھاننى تاپشۇرمايلى يامانغا،
بۇرايلۇق ھەممىنى ياخشى تامانغا.
ياخشىمۇ، يامانمۇ قالماس پايىدار،
ياخشىسى: ياخشى ئىش بولسۇن يادىكار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

قىلىچ ئالدىدىمۇ كۆرسەتسەڭ مېھىر،
كۆرمەسسەن ئۇرۇش ۋە جاڭجال ھەم قەھىر.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

قىلىپسەن ياخشىلىق، ھېچ قىلما مىننەت،
كېتەر زايا ھەممە ئېھسان ـ ئىنايەت.

— ناسىر خىسراۋ

خورلۇق ئىزدىمىسەڭ، ئەزىزىم، ئەسلا،
ناباب ئىشلارنى ئەيلىمە بەرپا.

— ناسىر خىسراۋ

تەۋپىقىڭ بولسا تەرك ئەتمە، زىنھار،
ئارامبەخش ئەت، بولسۇن ياخشىلىق يار.

— ناسىر خىسراۋ

رەنجىمىسۇن دېسەڭ ھېچكىمنىڭ جانى،
بىئارارلىق خەرنىنىڭ بول پاسبانى.

— ناسىر خىسراۋ

مەرھەمەت شوئارىنى تاشلىما دىلىڭدىن،
ئازار بەرمە ھېچكىمگە قول ۋە تىلىڭدىن.

— ناسىر خىسراۋ

گۇناھ كەچۈرگۈچى بول، ھەممە مەمنۇن،
خۇش پېئىل بول خۇددى روشەن كۈن.

— ناسىر خىسراۋ

ياخشىغا ئۈزۈن ئۆمۈر تىلەيدۇ ئادەم،
يامانىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ ئالەم.

— ناسىر خىسراۋ

كىشىنى رەنجىتىش ئاجايىپ ئاسان
كۆڭلىنى ئالماقلىق بەك جاپا - يامان.

— ناسىر خىسراۋ

مەدەت بەر ھەممىگە، ھەق يار بولغاي،
پۈتۈن ئالەم ساڭا مەدەتكار بولغاي.

— ناسىر خىسراۋ

ياخشىلىق سەن - بىزنىڭ قولىمىزدا باق.
كىم يامانلىق ئىزدىمەس — يولتۇزى پارلاق.

— ناسىر خىسراۋ

ياخشىلىق قىلغانىكەن كىم ساڭا بىر رەت،
يادىڭدىن چىقارما ئۇنى تا ئەبەد.

— ناسىر خىسراۋ

ئىباسىڭ ياخشىلىقتۇر، ھەرگىز يەشمە،
ھەم ئىنتىل ياخشى نامغا ئەتە - كەچتە.

— ناسىر خىسراۋ

راھىتى مەردۇم دېگەن، ئازار دېمەك —
مېۋە بەرمەيدۇ خىجالەتتىن بۆلەك.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئاز ياخشى ـ كۆپ ياماندىن ياخشى،

— نىزامىي گەنجەۋىي

شۇنداق ئىش تاللىۋال، شۇنداق قىل مېھنەت،
ئۆمرۈڭدە ئۇنىڭدىن تارتما خىجالەت.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئىزدىسەڭ دەردتىن دىلىڭنىڭ ئازادلىقىنى،
ئويلا باشقىلار دىلىنىڭ ئاباتلىقىنى.

— سەئدىي شىرازىي

مال ـ دۇنيا توپلاش ھۈنەر ئەمەس ئەسلا،
قولۇڭدىن كەلسە گەر بىر دىلنى ئاسرا.

— سەئدىي شىرازىي

يامانغا ياخشىلىق قىلماق ياماندۇر،
بۇنى ياخشى بىلەر ئەقلى جايىدا.

بىر غېرىب كۆڭلىنى قىلالىساڭ شاد،
ياخشىدۇر يەر يۈزىنى قىلغاندىن ئاۋات.
لۇتپىڭ بىلەن بىر دىلنى قول قىلالىساڭ،
ئەۋزەلدۇر يۈز قۇلنى قىلىشتىن ئازاد.

— ئۆمەر ھەييام

دائىما بولاي دېسەڭ ساق ۋە ئامان،
ياخشىلىق كۆرسۇن سەندىن پۈتۈن جاھان.

— پەرىدىدىن ئەتتار

قولۇڭدىن ياخشىلىق كەلمەيدىكەن، قىلما يامانلىق ھەم،
ۋۇجۇدۇڭ قىلمىشىڭدىن كۆرمىسۇن ھەرگىز ئازاب ـ ئەلەم.

— پەرىدىدىن ئەتتار

غەمكىن قارا كۈندە كىم ساڭا يار،
خۇشال كۈنۈڭدىمۇ ئۇنتۇما زىنھار.

— پەرىدىدىن ئەتتار

ناكەس كەلدىمۇ ئىشىكىڭ بېشىغا،
بارمىغىن تەلەپ بىلەن قېشىغا.

— پەرىدىدىن ئەتتار

ياخشىلار كەينىدىن ئەگەر چاپارسەن،
تىلىگىنىڭ، بەختىڭنى شۇندا تاپارسەن.

— سەئدىي شىرازىي

مۇلايىملىق بىلەن پۈتمەسە ئىشى،
قاتتىق قوپاللىققا كىرىشەر كىشى.
كىمكى كەچۈرمىسە ئۆزىنى ئۆزى،
كەچۈرمەس ئۇرگىمۇ كەلگەندە كىزى.

— سەئدىي شىرازىي

ياخشىغا ياخشى بول، يامانغا يامان.
گۈللەرگە گۈل بولغىن، تىكەنگە تىكەن.

— سەئدىي شىرازىي

ياخشى خۇلىق مىڭ ياخشى، ئەلا،
ئادەمگە ئوخشىماس بۇ ھايۋان ئەسلا.
مەگەر، دېمىسەڭ چاپان، سەللىسىنى
سىنا بارلىقىنى: تەن، قەلب، كاللىسىنى.

— سەئدىي شىرازىي

گۈزەل يۈزدىن خۇش ئاۋاز ياخشى پەقەت،
ئۇ نەپسى ئوزۇقى، بۇ دىلغا راھەت.

— سەئدىي شىرازىي

بۆرىگە ياخشىلىق ــ قويلار بېشىغا
كەلتۈرەر قانچىلاپ بالايۇ قازا.

— سەئدىي شېرازىي

ھىممەت دەستۇرخانىنى كەڭ يايىدى، ئەي دىل،
ھىممەت ئالەمدە نامى بار، دەپ بىل.

— سەئدىي شېرازىي

لۇتپۇ ياخشىلىق بىلەن ئىش پۈتسە پەقەت،
جاڭجال، غەۋغا قىلىشقا بۇندا نە ھاجەت.

— سەئدىي شېرازىي

ئەگەر دۇر بولسا ئىدى ھەر قەترە شەبنەم،
دۇرغا تولاتتى مونچاق بازارى ھەم.

— سەئدىي شېرازىي

ياخشى بولغىن، ھەتتا دۈشمىنىڭ ئاسان —
سېنى دېيەلمىسۇن يارىماس - يامان.
تەمبۇرنىڭ ئاۋازى ساز چىقىپ تۇرسا،
قۇلىقىنى بۇرىمايدۇ سازچى ھېچقاچان.

— سەئدىي شېرازىي

بەخت تاجى بار بولسا كىمنىڭ بېشىدا،
ھەر ئىشىڭ ئوچۇقتۇر ئۇنىڭ قېشىدا.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۇ كونا ئالەمدە ئەيلىگەل بۇنىيات①
بىر نەرسىكى خەلقىڭ ئەتسىرن سېنى ياد.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمنىڭ ياخشى نامى قالسا يادىكار،
ئەررىيدۇ دۇنيادىن كەتسە بەختىيار.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ھاياتتا قالدۇرسا كىم ئەبەدىي نام،
ئەڭ بەختلىك ئادەم شۇ خوللاس كالام.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئادەملىك ئاساسىنى قىلما ھېچ گۇم،
پەقەت ئادەملىكتىن نۇرانى مەردۇم.②

— خوسراۋ دېھلەۋى

---

② لىشقا ئېشىش، ۋۇجۇدقا چىقىش.
② ئەل، خەلق.

ئەي بۇلبۇل كەلتۈرگىن باھار خەۋىرىنى،
ھۇپۇپقا تاشلا يامان سۆزنىڭ بەردىنى

— سەئدىي شىرازىي

مېنىڭسىز ئىشلىرى يۈرۈشسە راسا.
بىر سۆز قىلىشىم يارىشىماس ئاڭا.
گەر كۆرسەم قارىغۇنىڭ ئالدىدا چوڭقۇر،
ئولتۇرسام گەپ قىلماي كاتتا گۇناھدۇر.

— سەئدىي شىرازىي

ھەر كىمدە بولسا گەر ياخشى تەبىئەت،
ئادىمىلىك يۈكسەك ئۇندا نىھايەت.
ياخشىلىقتۇر ياخشى ئىشلار گەۋدىسى،
ياخشىلىقتۇر گۈزەل ئىشلار ئاساسى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تېنىڭمۇ كېتىدۇ، بارۇ يوقۇڭ ھەم،
بەختلىكتۇر ياخشى نام قالدۇرغان ئادەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مەرھەمەت ھەددىدىن ئاشقان زامان،
شۈكرىمۇ ھەددىدىن ئاشار بىگۇمان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەگەر خۇش پۇرىقى بولمىغاندا ئۇد،
مەجلىسنى تولدۇراتتى ئاچچىق دۇت.

— خوسراۋ دېھلەۋى

مىۋە بەرسە دەرەخ پەقەت بىر شاختىن،
شۇ دەرەخ ياخشى مىڭ مېۋىسىز باغدىن.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۈگۈن بازارىڭ ئاۋات ئىكەن،
خەزىنە توپلا ياخشىلىقتىن سەن.

— هاپىز شېرازى

يىغالماس ياخشىلىق گۈلىنى مېھىر ئۇرۇقى چاچمىغان،
بۇ يولدا شامال ۋە بوران، لەيلە پېيىدا هامان.

— هاپىز شېرازى

زامان سەھىپىلىرى — ئىنسان ئۆمرى دەپتىرى،
شۇنداق سۆزنى دېدىكى ئويغا تولغان بىر دانا:
كىمكى بۇ پاك كىتابقا ياخشى ئەمەلى بىلەن،
ياخشى نامىنى قالدۇرسا، ئاشۇنىڭ بەختى ئەلا.

— ئابدۇراخمان جامى

ئىش ۋە مەقسەت چېكىگە يېتىشەرسەن، ئەي ئادەم،
ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئىنتىلىۋەر دەممۇ دەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھەر جايدا ھېسابتا بار بولساڭ،
ياخشى ئىش قىلىشقا يار بولساڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دەرەخ ئورنىغا گەر تىكسەڭ تىكەن،
شۇنداق تىكەن تىككى، گۈل بەرسە ئىكەن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دۇنيادا ئىستىسەڭ بەخت ۋە سائادەت،
قىلغىن سەپداشلار دىدارىنى ئادەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بۇ گۈمبەز ئاستىدا ياڭرات خۇش سادا،
نېمىنى دېسەڭ ئۇ قايتۇرار ساڭا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھايات بەش كۈنلۈك دەپ كەلدى سادا،
بەش كۈنلۈك ھاياتنى ئۆتكۈزگىن تازا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شامەلك بول، شادىنى كۆر، كۆيۈپ قەلبۇ تەن
باشقىلار بەزمىنى قىلىدۇ روشەن.
بۇلۇت بول — شارقىراپ تۆكسە يامغۇرنى،
سۇغىرار بىرمۇ بىر مايسا ھەم گۈلنى.

— ئابدۇراخمان جامي

سەن ۋە بىز مېھمانىمىز، دۇنيا دېگەن جاي —
دانالار نەزەرىدە بىر مېھمان ساراي.
ھاياسىز ئىشلاردىن يۈزۈڭنى بۇرا،
ساۋابلىق ئىش بولسا يۈگۈرە ئالدىدا.
ياخشى ئىشلىرىڭغا تولسۇن بۇ جاھان،
نامىڭ يەر يۈزىدە قالسۇن كۆپ زامان.
مەرد نامىنى ئالسا يۈز خىلدا ئادەم،
ياخشىلىق ياخشىدۇر ھەممىسىدىن ھەم.

— ئابدۇراخمان جامي

ياخشىلىقنى پەن قىل، ئەي ياخشى ئادەم،
يا بۇ پەندىن تاپسەن ئەقىل - ئىدراك، پەم.
سەۋر بىلەن تاپساڭ ئەگەر ياخشى نام،
ياخشى نامدىن تاپار ئىنسان سەرەنجام.
بۇ كۆپكۈك ئاسمان تېگىدە تامام،
پەقەت ياخشى نامىڭ قالار ۋەسسالام!

— ئابدۇراخمان جامي

دۇنيادا ياخشىلىقسىز ئالما ھېچ نەپەس،
ياخشىلار ئادەتى پەقەت شۇدۇر، بەس.

— ئابدۇراخمان جامىي

ياخشىلىق قىلغىن قولۇڭدىن كەلگۈچە،
شۇ مېھىر قالىدۇ ساڭا ئالەمدە.

— ئابدۇراخمان جامىي

شۇنداق ياشىغىنكى، سەن بولساڭ شەرقتە،
ساڭا دۇئا قىلسۇن ئادەملەر غەربتە.

— ئابدۇراخمان جامىي

يادىڭدىدۇر بەلكى سەن تۇغۇلغان ئان،
ھەممە كۈلگەن ئىدى، سەنلا يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممە يىغلاپ قالسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.

— ئابدۇراخمان جامىي

سىقىلغان كىشىگە كۈلكە بەخش ئەتمەك،
بىر پاتمان قەنتتىنمۇ، بىل، لەززەتلىكرەك.

— ئابدۇراخمان جامىي

قوپال گەپتىن پىتنە قوزغالغاندا،
گەردەن تومۇرىڭدۇر بۇ جەڭدە تاياق.

— ئابدۇقادىر بېدىل

كىشى تەبىئىتى پاش ئەتسە ئىدرىك،
پەقەت ياخشىلىققا قىلار ئىشتىراك.
ئىلىمدىن بى بەھرە قالدۇ تەبىئىي،
بەد پېئىلدىن كېچىپ بولالمىسا پاك.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ياخشىلىق قىلساڭ ئۆز دىلىڭ بەختكە يار،
يامانلىق كۆرگۈزسەڭ كۆڭۈلدە غۇبار.
ھېلى قىيامەت كۈن كەلگىنى يوققۇ،
ياخشىلىق قىلغۇەر، ھېساب نە دەركار؟

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئاسمان بولساڭ يەرگە ئېڭىشمەك ياخشى.
تۇپراق بولساڭ كۆككە ئىنتىلمەك ياخشى.
ناتىۋان، بىچارە بولمىغىن زىنھار،
غەيرەتتە، ھىممەتتە بول پارلاق، ياخشى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

شاھ ئۇلكەم، خاتىرى كۆپ روشەنۇ دانا ئېرۇر،
ياخشىغا ياخشى. يامانلارغا يامان، بەدھا ئېرۇر.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئادەمنىڭ ياخشىسى ئىشىدىن مەلۇم،
ياخشى يىل باھارۇ قىشىدىن مەلۇم.

— كامالىددىن بىنايى

تاۋازى قىل، تاپارسەن ئەرجۇمەندلىك،
ئۆزۈڭنى پەس تۇت، كۆرەرسەن سەربەلەندلىك.

— بەدرىددىن ھىلالى

رەھمەت ئىشىكى ئېچىق، ياخشىلارغا تەخت،
گۈل ھەممىگە يېقىملىق ھەر جايدا، ھەر ۋاقىت.

— بەدرىددىن ھىلالى

قولۇڭنى ئالار ئۇ، قولىنى ئالدىڭ،
ھەممىنىڭ پايدىسى قولمۇ قول بۇندا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

سۆزلىرىدە بولسا يۇمشاقلىق بوياق،
ياۋمۇ قىلار دوستلۇق ئەينىكىنى پارلاق.

## يامانلىق

يەلاننى قانچەكى قىلساڭ تەربىيەت،
بىر كۈنى زەھەرىنى سالىدۇ ئەلبەت.
پەس كىشىمۇ خۇددى يىلان مىجەزدۇر،
يامان دىدارىدىن يىراق بول غايەت.

— ئەبۇ ئابدوللا روداكى

بەتنامىلىقتىن ساقلا ئۆزۈڭنى مۇدام،
دۇنيادا ئاررۇغا يېتەلمەس بەتنام.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسى

يامانلىق قىلىپ، بولما شادىمان،
جازاسىنى تاپىدۇ ئاخىرى يامان.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسى

قەلبىڭدە بولسا گەر شادلىقتىن ئەسەر،
خۇلقىڭ ياخشىلاشقا باغلىغىن كەمەر.
قىلىپ تاشنىڭ يۈزى سىلىق بولمىسا،
قىلالماس ئەينەكنى سىلىق، جىلۋىگەر.

— ئابدۇقادىر بىدىل

تەشۋىشلىك بۇ ئالەمدە قىل ھامان غەيرەت،
خۇلقىڭدا قوپاللىقنى يوقاتقىن ئەبەد.
بىر - ئىككى تاش بولسىمۇ ئاياغ ئاستىدا،
تايدۇرار تۈز يولدىن، ئۇنتۇما پەقەت.

— ئابدۇقادىر بىدىل

ئەي خوجا، تەمكىن بول، دىل بولسا ناشاد،
ئۆز ئار - نومۇسۇڭدىن سورىغىن ئىمداد①.
خادىمىڭدىن ئۆتكەن بولسا خاتالىق،
ئۆتكەن خىزمەتلىرىنى ياد ئەتكىن، ياد.

— ئابدۇقادىر بىدىل

ساھىبدىل ئۆلۈمى جاھانغا كۈلپەت،
شام ئۆچسە داغىدا قالىدۇ ئۈلپەت.

— ئابدۇقادىر بىدىل

---

① مەدەت، ياردەم.

يامانغا قوشۇلما بولارسەن يامان،
يۇقتۇرار قارىسىنى دائىم قازان.

— ئەبولھەسەن بەردوخي

كىشىگە يامانلىق ئىزدىگەن يامان،
قۇرۇپ رەڭگىرويى بولىدۇ سامان.
يامانلىق كۆرمەيدۇ ئالەمدە ئەسلا،
ھەممىگە ياخشىلىق تىلىگەن ئىنسان.

— ناسىرخىسراۋ

ھاكىملار كۆيىدىن ① سەن خانە ئەيلە،
ناكەسنى ② ئۆرۈگدىن بىگانە ئەيلە.

— ناسىرخىسراۋ

بىرەلمىسەڭ بىراۋ دەردىگە دەرمان،
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشما ھېچقاچان.

— ناسىرخىسراۋ

رەزىل ئادەم ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلار،
گاھى ۋاي - دادلار، گاھى ۋاتىلدار.

— ناسىرخىسراۋ

---

① كوچا.
② ۋىجدانسىز، پەسكەش.

تەرگىنىڭنى ئورۇيسەن،
كۆرگۈزگىنىڭنى كۆرىسەن.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسىي

يامانلىقتىن يىراق - يىراق بول،
ئاقىل بول، ياخشىلىق بىلەن ئىناق بول.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسىي

كىمكى تىغ كۆتۈرسە بىراۋ جېنىغا،
زامان تەشنا بولار ئۇنىڭ قېنىغا

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسىي

يامانلىق ئۇرۇقىنى تېرىما پەقەت،
يامانلىق يەتكۈزەر ئۆزۈڭگە ئاپەت.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسىي

يامانلىققا يامانلىقتۇر مۇكاپات،
شۇدۇر دادۇ ھەققانىيەت، ئادالەت.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسىي

يامان يا ياخشىلىق قىلغاي ھەر كىشى.
شۇيامان، ياخشىنى تاپماقتۇر ئىشى.

— ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا

يىراق بول، يامانلىق — زەھەرلىك يىلان،
يامانلىق چاقىدۇ يىلاندىن يامان.

— ناسىرخىسراۋ

ئاپتاپ قانچىلىك بولسىمۇ روشەن،
بىر پارچە بۇلۇتمۇ يوشۇرار بەرەن.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

يامان، ياخشىلىقنى بىلسىمۇ يامان،
ئىت — ئىتتۇر، بولسىمۇ ياخشى پاسىبان.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

پىل كۆپ ئۇزۇن ياشايدۇ پاشا - چىۋىندىن،
ئەمما پاشا قانخورلۇقتا ئاشىدۇ ئۇنىڭدىن.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

ئورا قازغۇچى پۇتىنى چوڭقۇردا سۇندۇر،
يول توسقۇچىنىڭ بېشىنى يول تېشىغا ئۇر.

— زەھىرى پەريابى

بەندە سەن شاھ دەۋاسىنى قىلسەن،
قانداق شاھسەن، يامانلىق ئورنىتىسەن؟!

— نىزامى گەنجەۋى

يامانلىق تىلەيدۇ دائىما يىلان،
بېشىنى يانچىشتىن تىنما ھېچقاچان.

— ناسىرخىسراۋ

ساڭا نامۇناسىپ ئىشنى قىلما،
باشقىلار جېنىغا زامىن بولما.

— ناسىرخىسراۋ

سېنىڭ - مېنىڭ قولىمىزدا يورۇق يۇلتۇز بولماقلىق،
يۇلتۇزىمىز يورۇقدۇر ئىزدىمىسەڭ يامانلىق.

— ناسىرخىسراۋ

ئەگەر يېنىڭغا كەلسە بەتگۆي ئادەم،
قوغلىغىن، توختاتماي يېنىڭدا· بىردەم.
ياراشماس تېگىلماق ئۇندىن خۇراپات،
خۇراپات ئاخىر بولار باشقا ئاپەت.

— ناسىرخىسراۋ

يۈزسىز كىشىگە، ئىسمىت، يۈزلەنسەڭ،
يۈزسىز بولسەن ئاخىرى ئۆزۈڭ.

— ناسىرخىسراۋ

ھەر جايدا يامانلىق ئۆگىتەر يامان،
خەس - چۆپكە ئېسىلۇر غەرق بولغان ئىنسان.
يامان كىشىلەرگە ھەمراھ بولمىغىن،
قارىسىنى يۇقتۇرار مىسالى قازان.

— سەئدىي شىرازىي

ناكەسكە مەدەت بەرمىگىن نوخلىسى ئۆسىدۇ،
بۆرە چىشى قانچە ئۆتكۈر شۇنچە قانخور بولىدۇ!

— سەئدىي شىرازىي

ئىشەنمە يامان ئېيتسا شىرىن ماقال.
ھەسەلگە زەھەر قاتمىقى ئېھتىمال.

— سەئدىي شىرازىي

كىشىلەر قويىنى بوغماستىن ئاۋۋال،
زالىم بۆرە بېشىنى كەسكىن دەرھال.

— سەئدىي شىرازىي

كىم سالسا ئۆزگىگە ئازاب ۋە جاپا،
ئۆز يىلتىزىغا ئۆزى ئۇرار پالتا.

— سەئدىي شىرازىي

ئىپىنى ئۆزۈڭگە كۆرسەك سەن راۋا،
شۇنى باشقىلارغا بەرگىن دائىما.
ئىكىم ئىستىمىسەڭ، ياخشىمۇ - يامان،
باشقىغىمۇ راۋا كۆرمە، ئەي ئىنسان.

— جالالىدىن رومىي

بىراۋنى قەستلەپ ئورا قازغان ئىنسان،
ئاقىۋەت ئۆزۈڭگە قويىسەن قاپقان.

— جالالىدىن رومىي

يامانلىقنى كۆرمىسەڭ ئۆزۈڭگە راۋا،
بىراۋغىمۇ ئۇنى قىلما بۇرادەر.
ئەگەر ئۆز ئاناڭ ئىززىتىنى قىلساڭ،
قىل مېنىڭ ئانامنى تىللاشتىن ھەزەر.

— سەئدىي شىرازىي

ھەركىمكى ئەگەر سەندىن قورقۇپ يۈرسە،
ئۇندىن تىنچلىق كۈتۈپ بولما غاپىل.
چايان سانجار بولسا ئادەمگە نەشتەر،
كۆپىنچە قورقۇشتىن سانجار، ياخشى بىل.

— سەئدىي شىرازىي

ئىشلەنچان ئۆكۈز ۋە ياكى ئېشەك،
زالىم كىشىدىن ياخشىدۇر بى شەك.

— سەئدىي شىرازىي

يامانلارغا يېقىن بولمىغىن ئەسلا،
جەھەننەم ئوتىدىن ساقلا، رەببەنا.

— سەئدىي شىرازىي

دۈشمەنلىكتىن ئەمەس چايان چېقىشى،
شۇنداق تەبىئىتى، پېئىلى - خاھىشى.

— سەئدىي شىرازىي

كىمكى يامان ئىشنى بىلىدۇ راۋا،
ئۆز قىلمىشىدىن تارتىدۇ جازا.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

ئۆزۈڭگە نەشتەرنى كۆرمىسەڭ راۋا،
باشقىلارغا نەيزە كۆتۈرمە ئەسلا.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

سەن شەپقەتسىز ھەرنىگە ئېيتقىن: ئەگەر
ھەسەل بەرمىسەڭمۇ سانجىما نەشتەر!

— سەئدىي شىرازىي

يامان بىلەن ئولتۇرما، يامان سۆھبىتى،
خۇلقىڭنى كىر قىلار، پاكلىق ئاپىتى.

— سەئدىي شىرازىي

يامان بىلەن ئولتۇرغان ئىنسان،
بىر ياخشىلىق كۆرمەس ھېچقاچان.

— سەئدىي شىرازىي

سىرتىدىن كۆرۈنمەيدۇ ھەر نەرسىنىڭ ئىچى ھەم،
بەرى تاتلىق نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زەھىرى جەم.

— سەئدىي شىرازىي

ئىت ئەلا ئېرۇر، مەردۇ مازاردىن،
كىشىلەرنى قىينىغۇچى مەككاردىن.

— سەئدىي شىرازىي

بىچارە ئېشەككى ئەقىلسىزدۇر،
يۈك كۆتۈرگىنى ئۈچۈن ئەزىزدۇر.

ياماندىن يىراق بول، ياخشىغا دىلكەش،
ئۆمرۈڭ زايا كەتكەچ، دىلىڭ بولار غەش.

— ھاپىز شىرازىي

ھەممىشە غۇسسەيۇ غەم ئەلار دىلنى پىچاقتەك،
ھەر كىمكى بارچە بىلەن بەدخولۇقلۇق راھىر؛
زىندان بىگىگە ئېيتىپ زىندان قىلماق نە ھاجەت؟
ئۆز تېرىسى ئۆزىگە زىندان ئەمەسمۇ ئاخىر!

— ئابدۇراخمان جامىي

ئاداۋەت تىغىنى كۆتۈرگەن كىشى،
ئاداۋەت تىغىدا بولىدۇ ھالاك.

— ئابدۇراخمان جامىي

تاش يۈرەكلەرگە شوئارىڭ سەخت قىل،
قىرىغان تۆمۈرنى تۆمۈر بىلەن ئىل.

— ئابدۇقادىر بېدىل

بۇ مۇكاپات مۈلكىنىڭ ئېگىز - پەسى بار،
تەجرىبە قىلمىشتۇر دانالار بىسيار.

ئۆزگىلەر غېمىدىن بولىدىكەن شاد،
ئۇ ئالۋاستىمىدۇر، نەرى ئادەمىزات؟

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمدىنكى يامانلىق كۆردى ئادەمزات،
ياخشى نامى ئاخىر بولىدۇ بەرباد.

— خوسراۋ دېھلەۋى

زۇلۇم بولغاچقا ئۇ قىلىچنىڭ ئىشى،
بېشىنى پەسكە ئېسىپ يۈرىدۇ كىشى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

تۆمۈرچى قان تۆكەر تىغنى قىلدى ئىجاد،
يۈزىنى قاپقارا قىلدى، ئۆزىنى ناشاد.

— خوسراۋ دېھلەۋى

قىلىچتىن يىگىنە كۆپ ياخشىدۇر ئەلۋەت،
ئۇ يىرتار، تىكەر، قىلماس جاراھەت.

— خوسراۋ دېھلەۋى

يىگىنە بىلەن چىقار ئاياغتىن تىكەن،
يىگىنە تىكەن بولسا بۇ يامان ئىكەن.

— خوسراۋ دېھلەۋى

## ئادالەت

قولۇڭدىكى قىلىچ ئالماس بولسىمۇ،
ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرمىسۇن ئۇ.

— ئەبۇئابدۇللا رەۋاكى

دان سۈرگەن چۈمۈلىگە بەرمە ئازار،
جان تاتلىق، شۇندىمۇ تاتلىق جان بار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

يامانلىق قىلىدىكەن دۈشمەن ياكى دوست،
ياخشىيۇ يامانغا ئادالەت دۇرۇس.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

جەبرۇ ئازاب بىلەن ئۇلغايماق ئەسلى،
نە بىزنىڭ ئارزۇمىز ۋە نە دىل قەستى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

دەيدۇ قادىرلىقتا زالىم بولمىغىن،
تاكى ئاجىزلىقتا كۆرمەيسەن ئازار.

— ئابدۇقادىر بېدىل

قاچان كېتەر يامانلىق ئۆچلۈك ئەھلى پىكرىدىن،
مەقسەت يولىنى يىلان ئىزدەر پەقەت زەھىرىدىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

مەزلۇملار، دىلىنى ئاغرىتما ھەردۇم،
بەلكى بىر كۈن ئۆرۈك بولىسەن مەزلۇم.

سەئدىي شىرازىي

مەردۇم ئازاردىن نەتەخراق كىم بار؟
مۇسىبەتتە قالسا، كىم بولىدۇ يار؟

— سەئدىي شىرازىي

كىم مېھىر كۆرسەتتى يىرتقۇچ بۆرىگە،
ئازابلىق دەرد قوشتى قوينىڭ دەردىگە.

— سەئدىي شىرازىي

مەزلۇم ئازارىغا مايىل بولمىغىن،
خەلق دىلى دۇتىدىن غاپىل بولمىغىن.

— سەئدىي شىرازىي

رەھىمدىللىك ئادەمدە ئالىي خۇلق، ئەمما
دىل ئازار يارىسىغا قويمىغىن مەلھەم.
قىلما رەھىم ـ شەپقەت يىلان ھىيلىسىگە،
بۇ ئىشتىن ئازار يەيدۇ پەررەندى ئادەم.

— سەئدىي شىرازىي

ئادالەتسىز كىشى دىلنى ۋەيران قىلغىن،
شىخسى سۇندۇر، يىلتىزلىرىنى يۇلغۇن.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسى

نۇر بار جايدا زۇلمەتكە يوق جاي،
كۈن چىققاندا كۆرۈنەمدۇ ئاي؟

— ئەبۇلپەزىل بەيھەقى

ئەدىل - پاك ئەقىلنىڭ ۋارىس، جىلاسى،
ئەقىل ئاپتاپ، ئەدىل ئۇنىڭ زىباسى.

— ناسىر خىسراۋ

يىرتقۇچ بۆرە گەر ئۆلۈمگە لايىق،
زالىم ئۇنىڭدىن يامان، خالايىق.

— ناسىر خىسراۋ

ھەر كىم دىل ئازاردۇر،
ھاياتى ئاھۇ زاردۇر.

— پەرىددىن ئەتتار

كىم بىراۋ باغرىنى زۇلۇمدا تىلدى،
ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنى يارىدار قىلدى.

— پەرىددىن ئەتتار

ئادالەت زالىملارغا بولسا ئاپەت،
جاپا چەككەنگە بەرگەي پاراغەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىم كىشى دىلىغا بىرىدۇ ئازار،
ئىتنىڭ ئۈندىن ئارتۇق شان - شەرىپى بار.

— ھاپىز شىرازىي

ئەگەر چىقسا ئادالەتنىڭ قۇياشى،
تارالغاي ھەرياققا نۇرى - زىياسى.
ئەگەر زۇلۇم قىلسا زالىم، بۇ زۇلۇمدىن،
جاھان بولغاي قارا، يوق ئىنتىھاسى①.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۇ زىرەك ئالىم ئېيتتى بىر سۆزكى، ياخشى غايەت،
مەملىكەتنىڭ تايانچىدىن نەمەستۇر — ئادالەت.

— ئابدۇراخمان جامىي

شەھرۇ يېزا ئاۋات ئادىلدىن،
جاھان خەلقى كۆپ شاد ئادىلدىن.

— ئابدۇراخمان جامىي

① ئاخىر، كېيىن، پايان.

تۆمۈر قورغان ساڭا ساقچى بولسا ھەم،
ئادالەت ئوقىدىن بولما خاتىرجەم.
زالىم ئۆزگىلەرگە قىلسا نە ئىش،
لازىمدۇر شۇ ئىشنى بېشىغا سېلىش.
بولىدىكەن ئىشى ئەگەر يامانلىق،
ھەر قانداق ھالەتتە بەرمە ئامانلىق.

— خوسراۋ دېھلەۋي

ئەسلىدە شۇنداقتۇر گۈمبىزى جاھان،
قايتۇرار ھەر نىمە دېگىنىڭ ھامان.

— خوسراۋ دېھلەۋي

بولمىغاندا ئىدى قارا تۈن بى نۇر،
چىراغ قىلالمايتتى نۇرىنى زوھۇر①.

— خوسراۋ دېھلەۋي

چۈمۈلىنى چوقۇپ، قىرار قىرغاۋۇل،
قارچىغىدىن ئۆز ھالى مۈشكۈل.

— خوسراۋ دېھلەۋي

---

① پەيدا بولۇش، نامايان بولۇش، كۆرۈنۈش.

زالىم ۋە ئادىل بىر ئەمەس مەملىكەت شودگارىدا،
بىل قاۋان بىر باشقايۇ ھەم قوشچى دېھقان باشقادۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

نەدە ھەق ۋە ناھەق ئاجرىتىلمايدۇ،
كىشىلەر خۇلقىدا ساپلىق بولمايدۇ.
بىر پەسكە پەسلىكنى ئېيتسا ئۇ دېدى:
«ھەر كىمگە بۇ دۆلەت نېسىپ بولمايدۇ»

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئادىل مېھرى - شەپقەت قىلغان كۈن،
بۆرە چۇپان بولۇشى مۇمكىن.

— ئابدۇراخمان جامي

ئادىل مەملىكەتكە بولىدىكەن مېمار،
باشقا ھېچبىر نەرسە ئەمەستۇر دەركار.

— ئابدۇراخمان جامي

دۆلەتنى ساقلاشقا ئەڭ كېرەكلىكى،
ئەدىلۇ ئىنساپ ئېرۇر، كۆپرۇ دىن ئەمەس.
دۇنيا تەرتىپىنى ساقلىغۇچى شاھ،
دىنسىز بولسا ھەمكى، ئادىل بولسا بەس!

— ئابدۇراخمان جامي

مەملىكەت ئىزدىسەڭ ئادىل يولنى تۇت،
بولمىسا سەن ئۇنداق ھەۋەسنى ئۇنۇت.
بوش ساداق بىلەن ئوقتىن سىر تەدبىر بول،
ئادالەت تىغى بىلەن جاھانگىر بول.

— ئابدۇراخمان جامي

ئەدىل بىلەن تاما ـ گويا ئوت بىلەن سۇ،
ئىككىسىنى بىر جايدا بىراۋ كۆرگەنمۇ؟

— ئابدۇراخمان جامي

تارغاققا نەزەر سال، يارنىڭ چېچىغا —
يەتكۈنچە يۈز بۆلەك باغرى كېسىلگەن.

— ئۆمەر ھەييام

سېنىڭ مەپتۇنۇڭمەن، بېرەي مەن خەۋەر،
ئۇنى ئىككى سۆزدە ئېيتاي مۇختەسەر:
ئىشقىڭ تۇپراق قىلغاي، ئەمما مېھرىڭدىن،
بېشىمنى كۆتۈرۈپ، بولاي جىلۋىگەر.

— ئۆمەر ھەييام

دىل ئۇنىڭ دەردىگە تولسا ياخشىدۇر،
باش يولىن تۇپرىقى بولسا ياخشىدۇر.
غەم تىغىنى دوست ئاتسا، ئاڭا رەنجىمە،
دوستۇڭدىن نېمە ھەم كەلسە ياخشىدۇر.

— ئۆمەر ھەييام

ئىشقىدۇر ئەبەدىيلىك ئەۋجىدە ئاپتاپ،
ھايات چىمەنىدە بەختىنى خىتاب.
بۇلبۇلدەك نالە قىلماق ئىشق ئەمەس،
ئىشق — نالە قىلماسلىق، بولساڭ يۈز قاراپ.

— ئۆمەر ھەييام

## ئىشق ۋە مۇھەببەت

كىم ئىشقىدىن مەست بولدى ـ كەيپ نېمە بىلدى،
بالايۇ جاپانى ئىمتىھان قىلدى.

— ئەبۇئابدۇللا روداكىي

ئايال، بىل، لۇتپۇ ھىممەتكە سازاۋەر،
گۆدەكتەك مېھرۇ شەپقەتكە سازاۋەر.

— ناسىر خىسراۋ

مېنى ھالاك ئەتتى غەمى ھىجرانىڭ،
پېشىڭنى تۇتتۇم كەتكەن زامانىڭ.
كەتتىڭـۇ غېمىڭدىن مىڭ كۆڭۈل ئۆلدى،
قايتتىڭ، يانا مىڭ جان بولدى قۇربانىڭ.

— ئۆمەر ھەييام

گۈل يۈز يار ھېچكىمگە نېسىپ ئەتمەسكەن،
تا ئۇنىڭ دىلىغا سانجىلماي تىكەن.

چىشى تۆلكە سورىدى ياردىن شۇئان:
— ئەمدى نەدە ئۇچرىشارمىز، جانىجان؟
— ئۇچرىشىمىز ئاتا قىلسا خۇدا ئەگەر،
ئۇستا جۇۋىچى دۇكانىدۇر ئۇ يەر!

— پەرىدىددىن ئەتتار

باشقا تۆگمەن تېشى كەلگەندە ھەتتا،
دىلبىرىدىن قايتسا، دىل ئەمەس ئەسلا.

— نىزامىي گەنجەۋىي

مىڭ خىل ئەدەبنى ئىشقتىن ئۇقار جان،
ئۇلارنى مەكتەپتىن تاپالماس ئىنسان.

— جالالىدىن رومىي

ئىككى ئاشىق قوشۇلسا روشەن ئۆتەر كۈن،
جۈپلەنگەندە لاۋۇلداپ يانىدۇ ئوتۇن.

— سەئدىي شىرازىي

مەشۇقە ۋىسالى بولمىدىكەن يىراق،
لازىمدۇر دىدارىغا ياخشىلاپ تويماق.

— سەئدىي شىرازىي

— ئىشقىڭدىن يوق ماڭا ئارۇ مالامەت،
ئىشقتىن بىخەۋەرگە قىلما ئىشارەت.
بۇ ئىشق شارابىدۇر مەردلەرگە داۋا،
نامەردلەرگە نېسىپ بولماس بۇ راھەت.

— ئۆمەر خەييام

يارسىز يول بولمايدۇ ھېچ راۋان،
سۇ بولمىسا — سۇ ئاققاندى قاچان؟

— ئەبۇلمەجد سەنايى

ئۇ قەدەھ سۇنۇپتۇ يۇ، ساقى قالماپتۇ،
جامالىدىن زەررىسى باقى قالماپتۇ.

— پەرىدىددىن ئەتتار

پەرۋانە ئاتەشتىن ھۇزۇر تاپسا گەر،
كۆيسىمۇ ھېچقاچان قىلمايدۇ ھەزەر.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئىككى تۆلكە — يارۇ مەھبۇب بار ئىدى،
ئەھدى پەيمان ئىككىسىگە يار ئىدى.
بىر كۈنى ئىت بىلەن ئوۋدا پادىشاھ،
تۇتتى ئىككى تۆلكىنى، ئەي، ئىست، ئاھ!